# شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى

1999 - يىل 8 - سان
(ئومۇمىي 427- سان)



ISSN 1002-9451
08>
9 771002 945002

# «ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى»نى تەك تۇتۇپ تۆرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش

گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا چىغلىق كەنتى 325 نوپۇسى، ئىككى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، 3110 مو تېرىلغۇ يېرى بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان كىچىك كەنتلەرنىڭ بىرى.

ئابدۇللا ئابدۇۋېلى باشچىلىقىدىكى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلار يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان يەرگە، چارۋىچىلىققا، باغۋەنچىلىككە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 2685 موغا، چارۋا مال سانىنى 935 تۇياققا، مېۋىلىك باغ كۆلىمىنى 425 موغا يەتكۈزۈپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ئاساسىنى تۇرغۇزدى. پەن-تېخنىكا ماھىرلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان تۆۋەن تېمپېراتۇرا، قۇرغاقچىلىق، مۆلدۈر، بوران، كۆك پىت قاتارلىق تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ زىيىنىغا تاقابىل تۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى يىلدىن-يىلغا يۈكسەلدۈرۈپ، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇردى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 865 يۈەنگە يېتىپ، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بۇ كەنت يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن 1996-يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشتىكى ئۈلگىلىك كەنت» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

قۇدرەت مىجىت خەۋىرى ۋە فوتوسى



كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇللا ئابدۇۋېلى 1998-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.



ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلەت ئىسلام (سولدىن 3-) كەنت رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچماقتا.



يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئەخمەت نىياز (ئوڭدىن 1-) كەنتنىڭ چارۋىچىلىق ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.



◀ يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ياغاچزارلىق.



كەنت رەھبەرلىرى كۆممىقوناقنىڭ دان تۇتۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە.

# پارتىيىمىزنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزايلى

پارتىيىمىز — چوڭ پارتىيە، پارتىيىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش تارىخىدا ئەگرى - توقايلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار بولدى، پارتىيىمىز قاينام تاشقىنلىق كۈرەش ئىچىدە زورايدى، يىغىپ ئېيتقاندا، «ئاچقۇچ پارتىيە». پارتىيە رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، سوتسىيالىزم تەرەققىي قىلالمىغان ۋە روناق تاپالمىغان بولاتتى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولمىغان بولاتتى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ پارلاق ئىستىقبالىمۇ بولمىغان بولاتتى. 78 يىلدىن بۇيان پارتىيىمىز كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئۇرۇش دەۋرىدىن تىنچ قۇرۇلۇش قىلىشقا، پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش داۋامىدا ھەربىر قەدەمدە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بەدەل تۆلىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ ساپاسى ۋە سەۋىيىسىگە، پارتىيىمىزنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى تونۇشى ۋە ئىگىلىشىگە باغلىق بولدى. 78 يىللىق تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، تارىخ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان پارتىيە، جۇڭگو خەلقىگە سەمىمىي خىزمەت قىلىپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش يولىدا بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، گۈللىنىشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان پارتىيە، ئوڭۇشسىزلىق ۋە سىناقلارغا ئۈزلۈكسىز بەرداشلىق بېرىپ، خەلق مەنپەئەتى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلەپ، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز چېنىقتۇرۇپ ۋە ئۆستۈرۈپ، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى ۋە جاسارىتىنى باشتىن - ئاياغ ساقلاپ، تارىخ ئېقىمىنىڭ ئالدىدا ماڭغان پارتىيە.

يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش سەۋىيىسى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارىغا يېڭىدىن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. ھازىر بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ زىددىيەتلەر ئىچىدىكى نۇرغۇن قانۇنىيەتنى ئانچە كۆپ بىلمەيمىز، بىلسەكمۇ دېگەندەك چوڭقۇر بىلمەيمىز؛ بىز چوڭ قەدەم بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىۋاتىمىز، دۇنيادىكى سىياسىي جەھەتتە كۆپ قۇتۇپلىشىش ۋە يەر شارى ئىقتىسادى بىر گەۋدىلىشىش تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىزگە تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ بەردى ھەم جىددىي خىرىس پەيدا قىلدى؛ غەربنىڭ زومىگەرلىكى، زوراۋان سىياسىيسى ئەۋج ئالماقتا. بىز دۇنيانىڭ دېگەندەك تىنچ ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەك. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزنى مۇنقەرز قىلىش نىيىتىدىن يانغىنى يوق؛ كادىرلار قوشۇنىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياخشى، لېكىن بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ روھىي ھالىتى ياخشى ئەمەس، ئىدىيە، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى ئەمەس، ئۇلار يېڭى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەرگە لايىقلىشالمايدۇ ياكى تولۇق لايىقلىشالمايدۇ، بەزىلىرى تېخى يېڭى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. بىز يېڭى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە خەلقئارا قۇرۇلمىدا 1 مىليارد 200 مىليون خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، 2 - قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشىمىز ھەم 3 - قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز، كۆپ خىل شەرت - شارائىتنى ھازىرلىشىمىز، جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت، خېيىمخەتەرلەرنى يېڭىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىمى، ئەڭ جىددىي بولۇۋاتقىنى «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى زور كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسىنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

## مۇھىم ھۆججەت ، مۇھىم ئىشلار


ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش نۆۋەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئىش............. 4
دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى جېڭىنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىپ، گەۋدىلىك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھەل قىلىش كېرەك ............. 6
جانلىق سەلبىي دەرسلىك ............. 9
ۋۇ دېگيۇندىن ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئىزچىل ئىشقا ئاشۇرايلى ............. ۋاڭ لېجۇەن 13


## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز


ئۈچقاندەك تېز راۋاجلىنىۋاتقان ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىشلىرى............. ............. جاڭ چۈنجېڭ 16


## ئاۋامنى ھەققىدە پاراڭ


ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئاۋامنى............. جۇڭ يەن 19


## 21 ـ ئەسىرگە نەزەر


پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ۋە ئىلىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەرقى............. جۇ گۇاڭيا 21


## 1999 ـ يىلىدىكى قىزىق نۇقتىلار


چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قەيەردە؟............. 23


## پاكلىق قۇرۇلۇشى


باشقىلارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۆزى چىرىتىشكە تاقابىل تۇرالماسلىققا بولمايدۇ............. جۇ گاڭ 24


## دەۋرىمىز ئاۋانگارتلىرى


سەھرا ئوغلانى............. ھۇسەن تۇردى، ئابدۇكېرىم قادىر 26


## مىللەتلەر ئىتتىپاقى


« ئىككى ئايرىلالماسلىق » ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىدىكى بىر تەرەققىيات ............. رىزۋان نىياز 29


## گۈل ۋە تىكەن


ئوت كەتكەندە (6 پارچە) ............. 32


## بىر ئىشقا بىر مۇلاھىزە


رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە ياخشى ئۈلگە تىكلىشى كېرەك ............. ئە. تۇرسۇنتاي 34


**تېلېفون: باش ئاپپارات 2817524، 2817532 ئارقىلىق 21829، 21698، 21879 قاتارلىق ئىشخانىلارنى ئالسىڭىز بولىدۇ.**
**ھەر ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.**




● ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات ، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدۇ

* * *

● سىياسىي، نەزەرىيە ۋە تەشۋىقات خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

* * *

● ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ

* * *


● مۇھەررىرلەر: ئەركىن ئىمىن، قۇدرەت مىجىت، زۇلپىيە موللاخۇن، ئارزۇگۈل تۇرسۇن
● تەكلىپلىك مۇھەررىر: قادىر داۋۇت

* * *

● گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئابدۇسالام ئابدۇراخمان

* * *

● نۆۋەتچى مۇھەررىر: ئارزۇگۈل تۇرسۇن

## كارخانا ئىسلاھاتى


شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدا ........................................ يۈسۈپجان ھەمدۇل 36


## ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە


«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» سىياسىتىنىڭ تارىخىي زىيالىلىقى ۋە مۇقەررەرلىكى ........................................ ھەبىبە ئابدۇللا 38


## جەمئىيەتكە نەزەر


«بايرام» لار بەك كۆپ بولۇپ كېتىۋاتامدۇ ـ قانداق؟ ........................................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، تۇرسۇن باقى 41


## تەرمىلەر گېزىتى


بەش خىل ئەھۋالدىكى كېسەل ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىشقا بولمايدۇ (6 پارچە) ........................................ 44


## پارتىيە ئەزالىرى ئائىلىدە


كومپارتىيە ئەزالىرى ئىگاھ، ئائىلە ئەخلاقىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى كېرەك ........................................ 48


## مۇلازىمەت مۇنبىرى


ۋاقىتلىق ئىشچى پارتىيە ئەزاسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالسا بولامدۇ؟ ........................................ 50


## پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۇچۇرلىرى


گۇما ناھىيىسى كەنت دەرىجىلىك زاپاس كادىرلار قوشۇنىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە (7 پارچە) ........................................ 52


## تەكشۈرۈش دوكلاتى


كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە باشقۇرۇش ھەققىدە مۇلاھىزە ........................................ ۋاڭ ۋېنشۇ، چۇسىنپىڭ 54


## پارتىيە ئەزالىرى ساداسى


تەكشۈرۈپ باھالاش مەزمۇنىنى خالىغانچە كۆپەيتمەسلىك لازىم........................ 57

رەھبىرىي كادىرلاردا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئېڭى بولۇشى لازىم..58


## تارىخ ۋە شەخس


ج ك پ ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (8) ........................................ شۆچىڭچاۋ، شۆجىچاۋ 59

«شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ........................................ 64


**مۇقاۋىنىڭ 1** ـ بېتىدە: مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى «مۇنەۋۋەر ئۇقۇنقۇچى» (ئۇگدىس 2 ـ كىشى) ئابلەت ئابلىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە

فاتىخ شەرق فوتوسى


**بۇ ساندا يىرتىلىپ كەتكەن، چۇشۇپ قالغان، بۇلغىنىپ كەتكەن، تەكرار ئالمىشىپ قالغان بەتلەر بولسا، بىۋاسىتە باسما زاۋۇتى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغايسىز !**

**ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەر ياڭزىجاڭ يولى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى (پوچتا نومۇرى : 830051)**



**1999 ـ يىل 8 ـ سان**

**(ئومۇمىي 427 ـ سان)**

**«شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى**

* * *

**«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى**

* * *

**مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى**

CN65- 1002 / 2

* * *

**مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ**

* * *

**ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ**

* * *

**ئادرېسى: ئۈرۈمچى ساغلام يولى 2 ـ قورۇ**




# ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش نۆۋەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئىش

مەملىكەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا بىر مەزگىل ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ـ ھازىرقى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. ئالدىنقى بىر باسقۇچتا، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئايدىڭ بولدى، ئۇلار خىزمەتنى ئەستايىدىل، پۇختا ئىشلەپ، خېلى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى ھەم خېلى ياخشى تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ھازىر «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ئالدى بىلەن ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار ئىشەنچنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، ئەستايىدىل پوزىتسىيە ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم.

پارتىيىمىز 78 يىللىق كۈرەش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ئىسلاھاتنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. پارتىيىمىز بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلىپ 60 مىليوندىن كۆپرەك پارتىيە ئەزاسىغا ئىگە قۇدرەتلىك ماركسىزمچى پارتىيە، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇپ قالدى. بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خېيىمخەتەرلەرنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتتى. بۇنداق قىلالىشىدىكى ئەڭ مۇھىم تارىخىي تەجرىبە شۇكى، بىز ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى ۋە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردىكى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ئاممىنى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلەش داۋامىدا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى قەتئىي، بوشاشماي كۈچەيتتۇق.

تىنچ قۇرۇلۇش مەزگىلىدە، پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش ـ پارتىيىمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئىزچىل دۇچ كەلگەن بىر مۇھىم تېما. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا ئۇرۇش ئوتىنىڭ تاۋلىشى ۋە ئىنتايىن ناچار مۇھىتتا پارتىيىمىز مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە خەلقنى ئازاد قىلىش يولىدا ناھايىتى زور قۇربان بەردى، ئىنتايىن كەسكىن سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى. تىنچ قۇرۇلۇش مەزگىلىدە، پارتىيىمىزنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ـ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش. ھازىر مۇھىت ئۆزگەردى. ھايات ـ ماماتلىق سىنىقى ئۇرۇش يىللىرىدىكىدەك دائىم يۈز بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكى مۇقەررەر ھالدا ئۇرۇش يىللىرىدىكىگە زور دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز بۇ ئىشتا بوشاشماي ئىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە يېڭى ئىزدىنىشلەردە بولدى. بەزى خاتالىق ھەتتا ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە چارىلەر تەدرىجىي شەكىللەندى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئىجابىي، سەلبىي جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ مۇساپە تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ داۋاملىق ئىزدىنىشكە ۋە ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ بۇ قېتىمقى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلغانلىقى پارتىيىمىزنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يولىدىكى ئىجادىي خاراكتېرلىك يېڭى ئىزدىنىشى.

ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان ۋە ئۆزئارا بىردەكلىككە ئىگە، ئۇنىڭ يادروسى ـ سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش. پارتىيىمىز ماركسىزمچى پارتىيە بولغانلىقى ئۈچۈن ماركسىزملىق سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتەك سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش ئابستراكت ئەمەس، بەلكى كونكرېت بولىدۇ، رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن

ئېيتقاندا. ئەڭ مۇھىمى، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش تەلىپىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۈندىلىك خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتە گەۋدىلەندۈرۈشى، پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىدا ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. بولۇپمۇ توغرا غايە-ئېتىقادنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي جەھەتتە ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش ۋە ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىشتا ماھىر بولۇپ، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت جەھەتتە باشتىن-ئاخىر سىياسىي جەھەتتە سەگەك ھەم قەتئىي بولۇپ، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە، مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەش كېرەك.

ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە باشقا كەسپىي خىزمەتلەرمۇ سىياسىيدىن ئايرىلالمايدۇ. رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىشكە ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتنى ئاڭلىق ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇشى ۋە ئىگىلىشى كېرەك. نوقۇل ھالدا ئىقتىساد ئۈچۈن ئىقتىسادنى، كەسىپ ئۈچۈن كەسىپنىلا تىلغا ئېلىشقا مۇتلەق بولمايدۇ. كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە-ماركسىزملىق سىياسىي ساپانى ئۆستۈرۈش ئاچقۇچ. سىياسىي روھ بولمىسا، يۆنىلىشتىن ئادىشىمىز، پارتىيىنىڭ سەگەك، لاياقەتلىك رەھبىرىي كادىرى بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ سەگەك، لاياقەتلىك قۇرغۇچىسى ۋە رەھبىرى بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار چوقۇم مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈشنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنى پارتىيە تەلەپ قىلغان پارتىيە ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا ماھىر سىياسەتچىلەرگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. باشقا رەھبىرىي كادىرلارمۇ ئۆزلىرىگە مۇشۇنداق تەلەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى چېنىقتۇرۇشى كېرەك. پارتىيىمىزدە يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتەك ئىجتىمائىي مۇھىتتا، مۇرەككەپ خەلقئارا كۈرەش ۋەزىيىتىدە پارتىيىنى، دۆلەتنى ئىدارە قىلالايدىغان زور تۈركۈم سىياسەتچىلەر بولسا، ئۇلار ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە ئىشلىرى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى بېجىرسە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك ئۇلۇغ ئىشلىرىمىز چوقۇم ئۈزلۈكسىز غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەيدۇ.

سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە ئاساسى پۇختا، ھەر جەھەتتىكى بىلىملىرى مول بولسا، ھەرخىل مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تونۇيالايدۇ ۋە ئىگىلىيەلەيدۇ. ھەرخىل خاتا نۇقتىئىنەزەر ۋە پىكىر ئېقىملىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن پەرق ئېتەلەيدۇ. ھەرخىل سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئىلمىي يوسۇندا تۈزۈپ چىقالايدۇ. ھەرخىل مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە قەتئىي چىڭ تۇرالايدۇ، ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقا بىلىملەرنىمۇ كەڭ دائىرىدە ئۆگىنىش كېرەك. ئۆگىنىشتە كىتابتىنلا ئۆگىنىپ قالماستىن، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆگىنىش كېرەك؛ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش داۋامىداسەۋىيىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، مەغلۇبىيەت-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش داۋامىدا ئالغا بېسىش كېرەك. مانا بۇ پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ تەلىپى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتەك ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ تەلىپى.

سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش مۇقەررەر ھالدا توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشتە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك. توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش دېگەنلىك كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلەت ۋە ئىنقىلابىي پەزىلەتتە چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى دېگەنلىك. كوممۇنىستلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى، ماركسىزملىق ئىدىيە ئاساسىدا ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشى ۋە جارى قىلدۇرۇشى، ئىنقىلابىي پەزىلىتىنى ساقلىشى، ھەرقانداق ئەھۋالدا پارتىيىگە ۋە خەلق ئىشلىرىغا سادىق بولۇشى، ئىنقىلابىي خىسلىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكى، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى يوقاتماسلىقى كېرەك؛ جىن-شەيتاندىن قورقماي، خۇراپاتلىققا ئىشەنمەي، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ پرىنسىپىنى قوغداپ، ھەرخىل خاتا ئىدىيىلەر، ناچار خاھىش ۋە رەزىل كۈچلەرگە قارشى بايرىقى روشەن ھالدا كۈرەش قىلىشى كېرەك؛ پاك-دىيانەتلىك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشى، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە ھەشەمەتچىلىكنىڭ چىرىتىشى، تەسىرى ئالدىدا ھېچقانداق رەزىللىكنى يۇقتۇرماي جاسارەتلىك بولۇشى كېرەك، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئىنقىلابىي خىسلەت تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش-يېڭى ۋەزىيەتتىكى مۇھىم ئىدىيىۋى ۋە سىياسىي قۇرۇلۇش. كۆپچىلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىدە پارتىيىۋىلىكنى ئاڭلىق چېنىقتۇرۇپ، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە تەربىيىلىنىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا تازا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئىرادىسىنى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىپ ۋە تاۋلاپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ھەقىقىي يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

ھازىر بىر تۈركۈم ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئاياغلىشاي دەپ قالدى، تەربىيە نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، تۈزەش، ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمەتلىرى يەنە خېلى بار؛ ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت، ئىدارىلەر ۋە مەھكىمە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت

(ئاخىرى 64 ـ بەتتە)

# دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى جېڭىنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىپ، گەۋدىلىك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھەل قىلىش كېرەك



نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلما تەڭشەشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان چوڭقۇر قاتلامدىكى زىددىيەتلەر مەركەزلىك ئىپادىلەنمەكتە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىچكى - تاشقى بازارلاردىكى ئۆزگىرىشمۇ دۆلەت كارخانىلىرىغا يېڭى خىرىس پەيدا قىلدى. دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ 3 يىللىق نىشانىغا يېتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت كارخانىلىرى دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھەل قىلىش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى جېڭىدە ئالدى بىلەن ئىسلاھات جېڭىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىز ھەم بۇ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز، ھەم بۇ خىزمەتنىڭ مۇشكۈللۈكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي، بەلنى چىڭ باغلاپ تىرىشىپ ئۈزلۈكسىز يېڭى بوسۇش ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتكوملىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەدبىرلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. نۆۋەتتە بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرى بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ئالغا بېسىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەريانىدا پۈتۈنلەي ساقلانغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەردىن ئىبارەت.

مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش، توغرا تەھلىل قىلىش ۋە تونۇش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. دۆلەت كارخانىلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ھەر خىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان. كونكرېت تەھلىل قىلىنغان بولساق ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: بەزى نارماق ۋە كارخانىلار كونا پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە ئىدىيىۋى قاراش جەھەتتە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە لايىقلاشالمىدى، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، ئىگىلىك باشقۇرۇشى، ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى، تەقسىمات، تېخنىكا تەرەققىياتى قاتارلىقلاردا ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەنمىدى، ھاياتىي كۈچ كەمچىل بولدى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادنىڭ سېپى ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تارقاق، ئومۇمىي سالاپىتى تۆۋەن بولۇش ۋە بايلىق تەقسىماتى دېگەندەك مۇۋاپىق بولماسلىقتەك زىددىيەتلىرى كۈندىن - كۈنگە گەۋدىلەنمەكتە، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بەزى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قىسقارتىشقا توغرا كېلىدۇ، تېخنىكىسى، ئۈسكۈنىسى قالاق، بايلىقنى ئىسراپ قىلىدىغان، مۇھىتنى بۇلغايدىغان بىر تۈركۈم كارخانىلارنى شاللىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشنى تەڭشەش ئۈچۈن بىر جەريان كېتىدۇ، خىزمەتتىكى قارىغۇلۇقتىن، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش تۈپەيلىدىن بەزى كارخانىلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، بەزى كارخانىلار ۋە تۈرلەردە قايتا قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسى بولمىسىمۇ لېكىن ئۇلار كاپىتالى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل، قەرز كۆپ تۇرۇپ ئىشلەۋەرگەنلىكتىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تەس بولۇپ قالدى؛

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۆلەت كارخانىلىرى ئىجتىمائىي كۆچ-
لەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىش-
چى - خىزمەتچىلەرنى بېقىش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى
يولغا قويۇشقا ئوخشاش مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەل-
مەكتە. مۇشۇنداق ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋالغان كارخانىلارنىڭ بازاردا باشقا
كارخانىلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ رىقابەتلىشىشى ناھايىتى قىيىن
بولۇۋاتىدۇ، ئىچكى - تاشقى بازارلاردا ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن كارخا-
نىلارنىڭ بازار ئېچىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىشى كۆرۈ-
نەرلىك قىيىنلىشىپ كەتتى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولما-
سلىق، ئىسلاھاتى ئارقىدا قېلىش مەسىلىلىرى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ،
كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى.

دۆلەت كارخانىلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل
قىلىش، نىشانلىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك. 1. تۈپ چىقىش يولى
ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا. بۇنىڭدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئور-
نىتىش، ئىسلاھات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كارخانىنى ھەقىقىي تۈردە
بازارغا ئۇيغۇنلاشقان، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا - زىيانغا
ئۆزى ئىگە بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، ئۆزىنى
ئۆزى چەكلەيدىغان قانۇنىي گەۋدىگە ۋە رىقابەت سۇبيېكتىغا ئايلاندۇ-
رۇش كېرەك. چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى قېلىپلاشقان شىركەت
تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈ-
رۈش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. كارخانا رەھ-
بەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش، بولۇپمۇ
كارخانىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىنى ياخشى تالاش، كارخانا باشقۇرۇشىنى
ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى باشقۇرۇش،
ئىشلىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەشكىلىي شەكلى ئۈستىدە پائال ئىزدە-
نىپ،قاتتىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى
مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاشقا ۋە ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قى-
لىش كېرەك. 2. دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاش-
تۇرۇلۇشى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۇنيا
پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىش
يۈزلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەپ، دۆلەت
كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش كېرەك. بۇ ئىقتىسادنىڭ سە-
جىل، مۇقىم راۋاجلىنىشىنى ساقلاشنىڭ تەلپى شۇنداقلا ئۇزاق مۇد-
دەتلىك ۋەزىپە. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئىلغار
تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر ۋە يې-
ڭى كەسىپلەرنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش، قالاق ئىشلەپچىقىرىش
ئىقتىدارىغا ئىگىلىرىنى قىسقارتىش، قالاق كارخانىلارنى شاللىۋېتىش،
بىر تۈركۈم چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى ياخشى تۇتۇش، ئوتتۇرا، كىچىك
كارخانىلارنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى
تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئومۇمىي مۈ-
لۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىساد
ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ياخشى قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. 3.
ماكرولۇق ئىقتىسادىي مۇھىت ۋە دۆلەت مالىيە كۈچىنىڭ ئىمكانىيىتىگە
قاراپ پائال تەدبىر قوللىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەن-
دۈرۈپ،كارخانىلاردا كاپىتال يېتىشمەسلىك، قەرز نىسبىتى ھەددىدىن
زىيادە ئېشىپ كېتىش، ئىجتىمائىي سېلىق ئېغىر بولۇش قاتارلىق
مەسىلىلەرنى پەيدىنپەي ھەل قىلىش كېرەك. كارخانىلاردا كاپىتالنى
كۆپەيتىدىغان، قەرزنى ئازايتىدىغان ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى شەكىللەن-
دۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي سېلىقىنى ھەقىقىي يې-
نىكلىتىش، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلار-
نى قىلىش فۇنكسىيىسىنى پەيدىنپەي ئايرىۋېتىش كېرەك. 4. كارخا-
نىلارنى قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاق-
لاشتۇرۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش خىزمىتى جەر-
يانىدا ئايرىلىپ چىققان خادىملارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.
مەركەز بۇ جەھەتتە بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى.
جايلار، تارماقلار ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىجرا قىلىشى كېرەك.
ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىش ئورنىدىن قالغان ئىش-
چىلارغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن غەمخورلۇق قىلىشى ۋە ياردەم
بېرىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە
ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى رېئاللاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بو-
لۇپ قالماستىن، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئۇنى
ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئومۇمىيەتكە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.
مەبلەغنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. يەرلىك مالىيە مەسئۇل بول-
غان ئۈچتىن بىر قىسىم مەبلەغنى ۋە زاپاس مەبلەغنى مالىيە چىقىمى
قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئوتتۇرا،
غەربىي قىسىم رايونىدىكى ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بار رايونلار ۋە كونا
سانائەت بازىلىرىغا مەركەز مالىيىسى ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن زۆرۈر
مەدەت بېرىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىش-
چى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قى-
لىش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ
كۈتۈنۈش پۇلىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىپ بېرىش كېرەك. ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بالدۇرراق قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەر بۇ خىزمەتنى ئورتاق تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، ئاساسى ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي تاپمىغان. شۇڭا بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا جەريان كېرەك. قىيىنچىلىق ئالدىدا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ئاچقۇچ، روھسىزلىنىپ كېتىشكە، تۈگۈلۈۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. قىيىن ئەھۋالدا ئىگىلمەي - سۇنماي، بوشاشماي كۈرەش قىلىش روھى بىلەن خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش - يارىتالماسلىق، كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇھىم سىناق، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈرلۈك چارە - ئامماللار بىلەن ھەل قىلىپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشى كېرەك.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىللىق، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق غەربىي شىمال رايونىدىكى كادىرلار ۋە ئامما ئۆز يېرىنىڭ بايلىقىنى پائال ئېچىپ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر تۈركۈم تۈر - كەسىپ ۋە تايانچ كارخانىلارنى قۇردى. غەربىي شىمال رايونىنىڭ شارائىتى بىر قەدەر جاپالىق، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى، بولۇپمۇ 3 - سەپتىكى بىر تۈركۈم كارخانىلاردىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇزاقتىچە غەربىي شىمال رايونىدا يىلتىز تارتىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەپ، يۈكسەك ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە قىممەتلىك تۆھپە قوشۇش روھىنى ئىپادىلىدى. پارتىيە ۋە خەلق بۇنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

غەربىي شىمال رايونىدىكى بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىر قەدەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم. مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەتنى ساقلاش 56 مىللەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە، بىز چوقۇم مىللىي رايونلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ پۇختا ۋە ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاش - پۈتكۈل غەربىي شىمال رايونىنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيىتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي تېپىشى، خەلقنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز مىللەتلەر بىردەك باپباراۋەر دېگەن سىياسەتنى يولغا قويدى، مىللەتلەر ئارىسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى. دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ مىللىي سىياسىتىمىز ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ھازىر دۆلىتىمىزدىكى 56 مىللەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە. مۇنداق ياخشى ۋەزىيەت تەستە قولغا كەلگەن. بىز ئۇنى چوقۇم ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز كېرەك. بىز پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىلەشتۈرۈشتە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئىجرا قىلىدىغان بولساق، ھەر مىللەت خەلقى باشتىن - ئاخىر قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولىدىغانلا بولسا، ئىشلىرىمىز ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەيدۇ.

غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر رايون ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتەك مۇھىم ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. كۆپچىلىكنىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە، ئىستىلنى توغرىلاپ، خىزمەتنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

(باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ چاقىرغان غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدىكى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى.)

# جانلىق سەلبىي دەرسلىك



يېقىندا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتىدىكى باش ئەلچىخانىسىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپ ئۆكتەملىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىگە قىلىنغان ئېغىر تاجاۋۇزچىلىق، 1 مىليارد 200 مىليون جۇڭگو خەلقىگە قىلىنغان ئوچۇق - ئاشكارا ئىغۋاگەرچىلىك، خەلقئارا مۇناسىۋەت مىزانىنى قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلغانلىق بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە تنىڭ ياۋۇزلارچە قىلمىشى جانلىق سەلبىي دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ سەلبىي دەرسلىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلىشىمىز لازىم.

بۇ سەلبىي دەرسلىك بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتى ۋە زومىگەرلىك رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق تونۇتۇپ، باشتىن - ئاخىر سىياسىي جەھەتتە سەگەك ۋە قەتئىي بولۇش كېرەك. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندى، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداپ، بىرلىكتە راۋاجلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسىغا ئايلىنىپ، باراۋەر، مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا يېڭى تەرتىپنى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلىدى. لېكىن، ئامېرىكا تارىخىي ئېقىمنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، تېخنىكا ۋە ھەربىي ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، سىياسىي جەھەتتە بېسىم ئىشلىتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە جازالاش، مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىش ھەتتا قورال كۈچى ئىشلىتىپ، تاجاۋۇز قىلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھەدەپ تاجاۋۇز قىلىپ، دۇنياغا زومىگەر بولۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەممىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان «بىر قۇتۇپلۇق دۇنيا» قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت گۇرۇھىنىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتىگە ھەربىي ھۇجۇم قوزغىشى، ماھىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن يەر شارىغا زومىگەر بولۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم قەدىمى بولۇپ، ئۇ ياۋروپانى تىزگىنلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دۇنياغا زومىگەر بولۇش ئۈچۈن توسالغۇلارنى تازىلاشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭدەك، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە تنىڭ ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىشىمۇ بىر قېتىملىق تاسادىپىي ۋەقە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا جىنايى غەرەز يوشۇرۇنغان. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ نەزەرىدە، سوتسىيالىستىك جۇڭگو

ئىزچىل تۈردە ئۇلارنىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى غايەت زور توسالغۇ بولۇپ، ئۇلار ئېلىمىزنى غەربلەشتۈرۈش، پارچىلاشتەك سىياسىي سۇيىقەستىدىن ئەزەلدىن ۋاز كېچىپ باققان ئەمەس. بولۇپمۇ شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئېلىمىزگە قاراتقان سىڭىپ كىرىش ۋە ھەرخىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە تەيۋەن مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ ياكى ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى دېگەنلەرنى ياساپ چىقىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، تەيۋەن مۇستەقىللىقى كۈچلىرى، دالاي گۇرۇھى ۋە باشقا بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا مەدەت بېرىش ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ خەرىتىسىدىن بەزى پوچۇقلارنى ئېچىشقا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېلىمىزنى ئومۇميۈزلۈك پارچىلاشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنى يىمىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. ئۇلار ھەدەپ «جۇڭگو تەھدىتى» دېگەننى تارقىتىپ، جۇڭگونى تىزگىنلەشنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگونى ئۆز پەرىزىدىكى دۈشمەن قاتارىغا قويدى. ئۇلار ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى ساقلاپ قېلىش كېرەك دېگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئىنتايىن ئېنىقكى، ئۇلار ئۇچرىشىش داۋامىدا سىڭىپ كىرمەكچى، ئۇچرىشىشتىكى مەقسىتى تىزگىنلەش. بۈگۈنكى كۈندە ئامرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ ھېچنېمىدىن تەپ تارتماستىن ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىغۋاگەرچىلىك پەيدا قىلغانلىقى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ گۈللەنگەن، قۇدرەتلىك ۋە مۇقىم بولغان سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ شەرقتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى ھەرگىز خالىمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىزنى ھالاك قىلىۋېتىش نىيىتىدىن يانمىغانلىقىنى، ئىتتىپاقلاشقان، ئىلگىرىلەۋاتقان، ئۈمىدكە تولۇپ تاشقان جۇڭگونى مالىمانچىلىق، پارچىلىنىش گىردابىغا سۆرەپ كىرىش ياۋۇز مەقسىتىنى تېخىمۇ تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

بۇ سەلبىي دەرسلىك چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، كوممۇنىستىك غايە ۋە سوتسىيالىستىك ئېتىقادنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئالغا يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇزاقتىن بۇيان ئامېرىكا قاتارلىق غەربتىكى بەزى دۆلەتلەر دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەدەپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلدى، يېقىندا، ئامېرىكا يەنە بىر يۈرۈش ئاتالمىش «يېڭى ئارىلىشىش مەسلىكى» نەزەرىيىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، «دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى كىشىلىك ھوقۇقتەك مۇھىم ئەمەس»، «قىممەت قارىشى ئۈچۈن جەڭ قىلىش كېرەك» دەپ جار سالدى، بۇنىڭ ماھىيىتى كاپىتالىزمنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە غەربنىڭ قىممەت قارىشىنى باشقىلارغا تېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنياسىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بۇ ئاللىقاچان بەلگىلەنگەن فاڭجېنىنى ئۆزگەرمەيدۇ. تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بولسۇن، قوراللىق ئارىلىشىش بولسۇن، ئۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش. ئەمما، رېئال تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن بەزى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار جۈملىدىن ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار باركى، ئۇلار غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقان دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلىك ھوقۇق دېگەن نېمىلەرنىڭ ئالدامچىلىقى، ساختىلىقى ۋە يامان نىيەتلىكىنى كۆرمەي، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنى قوبۇل قىلىپ ھەتتا ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ، غايىسى ۋە ئېتىقادىدىن تەۋرىنىپ، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ ئەسىرلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئۆتكەندە پارتىيىمىز ھەرقانچە زەئىپ بولۇشىغا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىگە قارىماي ئىزچىل تۈردە قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ كەلدى، چۈنكى بىزدە ماركسىزملىق، كوممۇنىزملىق ئېتىقاد بار ئىدى.» كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىنىڭ كادىرلىرىغا

نىسبەتەن ئېيتقاندا غايە، ئېتىقاد باشتىن ـ ئاخىر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن تەۋرەنگەنلىك تۈپ ئاساستىن تەۋرەنگەنلىك، ئۇنى تاشلىۋەتكەنلىك تۈپ ئاساسنى تاشلىۋەتكەنلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي، پەن ـ تېخنىكا، ھەربىي كۈچلىرىمىز بىلەن غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى كۈچى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ غەربلەشتۈرۈش، پارچىلاش سۇيىقەستىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن غايە ۋە ئېتىقادنى قەتئىيلەشتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم. «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ غايە، ئېتىقاد مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشنى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، مېڭىسىنى ماركسىزملىق ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى پۇختا تىكلەپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىدىيىدە مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا باشتىن ـ ئاخىر سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم ۋە قەتئىي بولۇپ، تۈپ ئاساستىن جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، غەرب دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىياسىي سۇيىقەستىنى تارمار قىلىپ، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، بارلىق توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەستىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

بۇ سەلبىي دەرسلىك چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنى ۋە مىللىي ئۇيۇشۇشچانلىقىنى تىرىشىپ كۈچەيتىشىمىز لازىم. تارىخىي ساۋاقلار ۋە قانلىق پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئارقىدا قالغانلار ئەدىپىنى يەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «تەرەققىيات ـ چىڭ قائىدە» دېگەن بۇ ئىلمىي ھۆكۈمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۇق. زومىگەرلىك ھەدەپ غالجىرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچكە تايىنىپ قوغداش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچكە تايىنىپ قوغداش، مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچكە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈش، تىنچ مۇھىتقا قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچكە تايىنىپ كاپالەتلىك قىلىش لازىم، ھەققانىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشكىمۇ قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچنى ئارقا تىرەك قىلىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خىزمەتچىلىرىنى قارشى ئېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ، مۇستەقىل ـ ئۆزىنگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى قەتئىي ئېغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسىر ھالقىيدىغان ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ ياۋۇز قىلمىشىغا بولغان غايەت زور غەزىپىنى ۋە ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى باشلامچىلىق بىلەن قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىج-

تىهات بىلەن ئىشلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، 1 ـ دەرىجىلىك نەتىجە يارىتىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار يۈزە ئىشلەش، قۇرۇق گەپ سېتىش، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىشى لازىم. بۇ ھەم تالاپەتكە ئۇچرىغان ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنى ئەڭ ياخشى خاتىرىلەش شۇنداقلا زومىگەرلىككە كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىش ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سەلبىي دەرسلىك بىزگە ئۇقتۇرىدۇكى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان قىلىشتا ئاچقۇچ پارتىيىدە، ئادەمدە. نۆۋەتتە، ئىسلاھاتتا ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق، تەرەققىيات ئاچقۇچلۇق دەۋردە تۇرماقتا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ۋەزىپىلەر ئادەتتىكىدىن ئېغىر، مۇشكۈللىشىپ بارماقتا. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى كۈنسايىن غالجىرلاشماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەھبەرلىك بەنزىلىرى، كادىرلار قوشۇنى، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى ئىچىدە ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىدا بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ساقلانماقتا. مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىلەر ئالدىدا پارتىيىمىزنى ئوبدان قۇرىدىغانلا بولساق تارىخ يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىپ، تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خېيىم-خەتەرلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى 21 ـ ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتالايمىز. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنىنىڭ تايانچلىرى ۋە تۈۋرۈكى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇشتىكى ھەل قىلغۇچ كۈچ. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، بىر يۈرۈش ئىلمىي، مۇۋاپىق كادىرلار تۈزۈمىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغان بىر ياخشى مۇھىتنى يارىتىش ۋە ساقلاش؛ رەھبىرىي كادىرلار ۋە كادىرلار خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللار ۋە چىرىك ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈزىتىش؛ بولۇپمۇ غايە ۋە ئېتىقادىدىن تەۋرەنگەن، سىياسىي قارىشى ئاجىز، سىياسىي ئىنتىزامدا بوشاڭ كىشىلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈپ، رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىۋېلىشىدىن ساقلىنىش، رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپ بولغانلىرىنى تەكشۈرۈپ چۈشۈرۈۋېتىش لازىم. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قوش ئۆگىنىش پائالىيىتى داۋامىدا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ يۈگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىمىزنى بومباردىمان قىلغانلىقىدەك سەلبىي دەرسلىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ غايە، ئېتىقاد تەربىيىسى ۋە ۋەزىيەت تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ سىياسىي قەتئىيلىكىنى ۋە سىياسىي ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. قىسقىسى، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنى ئوبدان قىلىپ، كادىرلار قوشۇنىنى، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىش، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، ئىسلاھاتنى، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن كۈچلۈك، پۇختا تەشكىلىي كاپالەت يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك.

# ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىپ ، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرايلى

## پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ۋاڭ لېچۈەن

(1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)

يولداشلار:

بۈگۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ يەردە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

پارتىيىمىز 78 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى، 78 يىل جەريانىدا، پارتىيىمىز ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سانسىز قىيىنچىلىق، مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ، مىسلىسىز مۇشەققەتلىك كۆرەشلەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. 78 يىللىق تارىخ پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەت خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇشقا، ئۇلۇغ، شەرەپلىك توغرا پارتىيە بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقى ھارپىسىدا ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش تېما قىلىنغان بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۈگۈنكى يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ھەرقايسى سەپلەردە كۆرەش قىلىۋاتقان ۋۇدېڭيۈنچە ئىلغار شەخسلەر، بۇ يولداشلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتا ۋە تەرەپلەردىن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ «ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، ھەرىكەتتە كۆرسىتىش، ۋۇ دېڭيۈنچە نەمۇنىچىلاردىن بولۇش» جەريانىدىكى ئىدىيىۋى تەسىراتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىنى كەڭ كۇشادە سۆزلەپ، باشقىلارغا چوڭقۇر تەربىيە ۋە ئىلھام بەردى. كۆپچىلىك سۆزلىرىدە يولداش ۋۇ دېڭيۈننى ئۈلگە قىلىپ چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈپ، چېگرا رايوندا تۆھپە قوشۇپ، جاپا مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش، پارتىيە ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ دەۋرىمىزنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىغا قويغان يۈكسەك تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

يولداش ۋۇ دېڭيۈن چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونغا تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنىڭ ئۈلگىسى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىلى. 1997 ـ يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىنىڭ جاي ـ جايلىرىدا ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «يولداش ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا سەييارە دوكلات بېرىشكە تەشكىللىدى. ئۇلار شىنجاڭدا يولداش ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى قايتىدىن قوزغىدى. بۇ يىل 4 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يولداش ۋۇ دېڭيۈنگە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ تەرەققىي قىلىشى بويىچە ئىلغار شەخس» دېگەن نام بەردى. ئاپتونوم رايوندا «ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، ھەرىكەتتە كۆرسىتىش، ۋۇ دېڭيۈنچە نەمۇنىچىلاردىن بولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولدى. ھازىر مەركەز ۋۇ دېڭيۈندىن ئىبارەت بۇ تىپنى پۈتۈن مەملىكەتتە تەشۋىق قىلىدى. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، پايتەختتىكى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى يولداش ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەر قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز تەشكىللىگەن ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىلغار ئىش ـ پائالىيەت-

لىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى بېيجىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ جاي ـ جايلىرىدا سەييارە دوكلات بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى مەملىكەت مىقياسىدا قانات يايدۇرۇلماقتا.

مەملىكەت بويىچە ئىلغار تىپ بولغان ۋۇ دېڭيۈن بىزنىڭ شىنجاڭدىن چىقتى. بۇ، شىنجاڭدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ شەرىپى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەخرى، ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرى ھەم ئاددىي، ھەم ئۇلۇغ، ھەم سەممىي، ھەم تەسىرلىك بولۇپ، ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە.

ۋۇ دېڭيۈن شىنجاڭدەك بىپايان زېمىندا ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر كادىر، يېنىمىزدىكى ھايات لېي فېڭ، كۆڭ فەنسېن بولۇپ، ئۆگىنىشكە بولىدىغان جانلىق تىپ، مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدە، بىز شىنجاڭلىقلار ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ۋۇ دېڭيۈننىڭ روھىنى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە، ھەممە ساھەلىرىدە مول مېۋە بېرىدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش ئارقىلىق، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيە، سىياسىي قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلماقتا. يولداش ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى تېپىلغۇسىز ياخشى ماتېرىيال. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سىياسىي دېگەن نېمە؟ تۈپتىن ئېيتقاندا، سىياسىي مەسىلىسى ئاساسلىقى خەلق ئاممىسىغا بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسى. خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى. يولداش ۋۇ دېڭيۈننىڭ سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلقىنىڭ چاكىرىلىق خىسلىتىنى ساقلاپ، پارتىيىنىڭ غايىسى ۋە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئېغىشماي كۈرەش قىلغانلىقىدا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار يولداش ۋۇ دېڭيۈننى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە، سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەرنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنى ھۆرمەتلەپ، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ،خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئۇ كونكرېت ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خېلى كۆپ چەت، يىراق جايلىرىدا دېھقان، چارۋىچىلار تېخىچە نامرات ھالەتتە تۇرماقتا، يەنە نەچچە يۈز مىڭ دېھقان، چارۋىچىنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل بولمىدى؛ شەھەرلەردە بىر مۇنچە دۆلەت كارخانىلىرى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. ئىش ئورنىدىن قالغان نۇرغۇن ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلىرى بىزنىڭ ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئاممىا ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ، بارلىق ئامال ـ چارىلەر بىلەن ئۇلارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي قىلىشى كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار مەسىلىلەرنى ئويلاشقاندا، ئىش بېجىرگەندە ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىغا پايدىلىق ـ پايدىسىزلىقىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللايدىغان ـ قوللىمايدىغانلىقىنى، ھىمايە قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان، ئۇلارنى نارازى قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقى كېرەك.

ئىككىنچى، يولداش ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىيلىقى. شىنجاڭدا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت. يولداش ۋۇ دېڭيۈن نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىشنى شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىدىن ئىبارەت

ئومۇملۇقى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي تەۋرەنمەي قارشى تۇرۇپ، ئۇيغۇلتاشتەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاممىنىڭ ۋۇ دېگيۇندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن قىزغىنلىقنى قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ھەممەيلەننى يولداش ۋۇ دېگيۇندەك ئاڭلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچىلاردىن بولۇشقا تىرىشىدىغان، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، ۋۇ دېگيۇندىن ئۆگىنىش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار قوشۇنى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئاساسىي ساپاسى ۋە ئاساسىي ئېقىمى ياخشى، لېكىن بىز دۇچ كېلىۋاتقان كۈنىدىن ـ كۈنگە ئېغىرلاپ كېتىۋاتقان جاپالىق ۋەزىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا ناھايىتى زور پەرق بار. كادىرلارنىڭ ئىستىلىدا ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يەنە نۇرغۇن مەسىلە بار، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىپ، چىرىكلىشىپ ۋە چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. يولداش ۋۇ دېگيۇن شانلىق ئۆلگە، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، ھەر بىر كادىر بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار مۇشۇ ئۆلگە ئارقىلىق ئەستايىدىل ھالدا ئۆزىدىكى پەرقنى تېپىپ، قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىنى تۇتۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، مېڭىسىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. يولداش ۋۇ دېگيۇندەك ھەقىقەتتە، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ناتوغرا ئىستىللارغا ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، تىرىشىپ ئۆزىنى پاك ـ دىيانەتلىك بولغان، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخشى كادىر قىلىپ چىقىشى كېرەك.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، جايلارنىڭ پەرقى ئىنتايىن زور، نۇرغۇن جاينىڭ شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇنداق ئەھۋالدا، پارتىيە ئەزالىرىمىز، كادىرلىرىمىزنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىش، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشتەك يول ئېچىش روھىنى تىكلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇلار يولداش ۋۇ دېگيۇندەك قىيىنچىلىق ۋە خەتەردىن قورقماي، ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، خالىس تۆھپە قوشۇش، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئۆز ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشى، شارائىتى جاپالىق جايلاردا ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىشى؛ ۋۇ دېگيۇندەك پارتىيە ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئاممىنى يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ۋۇ دېگيۇندىن ئۆگىنىش ئارقىلىق توغرا كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش ھەم جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى تەلىپى، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار نىشاننى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈپتىن ياخشىلاش ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يولداش ۋۇ دېگيۇن توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇشتىكى تىپ، ئۇ دۇرۇس ئادەم بولۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، پاك كادىر بولدى. ئۇ بىزنىڭ شانلىق ئۆگىنىش ئۆلگىمىز. ۋۇ دېگيۇندىن ئىبارەت بۇ تىپنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىجتىمائىي توغرا كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، دەۋر ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىش، خەلق ئاممىسىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى قوزغاپ، كەسىپ ئەخلاقى، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاققا ئاڭلىق رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.



# ئۈچقاندەك تېز راۋاجلىنىۋاتقان ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىشلىرى

جاڭ چۈنخېڭ

ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا «قاتناش ـ كۆك قان تومۇرى، ئېنېرگىيە مەنبەسى ـ قان، خەۋەرلىشىش ـ نېرۋا سىستېمىسى» ھېسابلىنىدۇ. «نېرۋا سىستېمىسى» بولسا «باش تېزگىن»لىك، «بەلۋاغ»لىق، «كۆۋرۈك»لۈك رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەيتنى چىڭ تۇتۇپ تېلېگراف ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈرۈمچى تېلېگرافىدىكىلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىگە ئايلاندى.

80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى تېلېگراف كەسپى چوڭ قەدەم تاشلاش، چوڭ بۆرۈش قىلىش، چوڭ تەرەققىي قىلىشنى باشلىۋەتتى. ئەمما، كۆز قاراش كونا ئىدى، مەبلەغ يېتىشمەيتتى، تېلېفون ئورنىتىش سىغىمچانلىقى يېتەرسىز ئىدى، بۇ ھال مەركىزىي شەھەر تېلېگراف تەرەققىياتىنى ئېغىر ھالدا چەكلەپ تۇراتتى. تەرەققىيات ۋەزىيىتى ۋە سۈرئىتى دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي قىلغان جايلارنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان ئىدى.

1995 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكى شۇنى تونۇپ يەتتىكى، «پوچتا ـ تېلېگرافنى راۋاجلاندۇرۇشتا پىلانغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان دەۋر ئۆتۈپ كەتتى، دۆلەتكە، كوللېكتىپقا، يۇقىرىغا «داشقازان تامىقى» يېيىشكە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان زامان كەلمەسكە كەتتى! ھازىر كۆز قاراش جەھەتتە زور بۆرۈلۈش ھاسىل قىلىش، بازار كۆز قارىشى، ئۈنۈم كۆز قارىشى، رىقابەت كۆز قارىشىنى ھەقىقىي ئورنىتىش تەلەپ قىلىنىدىغان بولدى.»

ئابونتلارنىڭ تېلېفون ئورنىتىش تەلىپى بىلەن سىغىمچانلىق يېتەرسىز بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى تېلېگرافى دادىل ھالدا قەرز ئېلىپ تىجارەت قىلىپ، مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، سىغىمچانلىقنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلەتتى. 1981 ـ يىلى، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن HJ 921 ـ تىپلىق ئۇزۇنغا ـ توغرىسىغا ئاپتوماتىك ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتىنى تۇنجى قېتىم ئورنىتىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ تېلېفون نومۇرىنى 4 خانىلىق تۈزۈمدىن 5 خانىلىق تۈزۈمگە كۆتۈردى. كېيىنكى يىلى 7 ـ ئايدا، شەھەر تېلېفونىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى تۇنجى قېتىم 10 مىڭلىق چوڭ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتتى؛ 1989 ـ يىلى، شەھەر تېلېفونىنىڭ سىغىمچانلىقىنى زور كۆلەمدە كېڭەيتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ، شاڭخەي بېيشېر شىركىتىنىڭ S 1240 ـ تىپلىق پروگراممىلىق ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتىنى ئورنىتىپ، يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئومۇمىي سىغىمچانلىقىنى 45 مىڭ 540 قا يەتكۈزدى؛ 1990 ـ يىلى، شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون نومۇرىنى 5 خانىلىق تۈزۈمدىن 6 خانىلىق تۈزۈمگە كۆتۈرۈپ، يىل ئاخىرىدا شەھەر تېلېفونىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى 51 مىڭ 508 گە يەتكۈزدى؛ 1994 ـ يىلى، شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون نومۇرىنى 6 خانىلىق تۈزۈمدىن 7 خانىلىق تۈزۈمگە كۆتۈرۈپ، يىل ئاخىرىغا يەتكەندە تېلېفون ئومۇمىي مىقدارىنى 252 مىڭ 521 گە يەتكۈزۈپ، شەھەر رايونىدىكى ئابونتلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 90 ـ يىل-

لارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 14 يىل ئىچىدە ئۈرۈمچى تېلېگرافى سىغىمچانلىقىنى 3 قېتىم كېڭەيتىپ، تېلېفون نومۇرىنىڭ خانىسىنى 3 قېتىم كۆپەيتىپ، 3 قېتىملىق تارىخىي بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

خەۋەرلىشىش قوراللىرى تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئىستېمالدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولدى. كىشىلەر تېخىمۇ قولايلىق، تېخىمۇ تېز بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى. ئۈرۈمچى تېلېگرافى بۇ ئۆزگىرىشكە ئۇيغۇنلىشىپ، كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خەۋەرلىشىش قوراللىرىنى كۆپ خىللىشىش، كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇش، كۆپ ۋاستىلىك بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندۇردى. 1988 ـ يىلى، سىمسىز چاقىرغۇ سىستېمىسى ئۈرۈمچىدە رەسمىي يولغا قويۇلدى؛ 1993 ـ يىلى، 1994 ـ يىلى، 1996 ـ يىلى تېلېگراف خەۋەرلىشىش تېخنىكا ئۇسكۇنىلىرىنى يېڭىلاش جەھەتتە قايتا ـ قايتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، خەۋەرلىشىشتە پۈتۈن شىنجاڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تورلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

سىفىرلىق خەۋەرلىشىش ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلدى. 1993 ـ يىلى، گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ ئالماشتۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلدى؛ 1995 ـ يىلى، DDN سىفىرلىق ئاساسلار تورى خىزمەتكە كىرىشتۈرۈلدى؛ 1996 ـ يىلى، ئىنتېرنېت تورى خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. يەرلىك تېلېفون تورى، كۆچمە خەۋەرلىشىش تورى، سىفىرلىق ئاساسلار تورىدىن ئىبارەت 3 تور قۇرۇلۇپ خىزمەتكە كىرىشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ھەتتا پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىدىكى خەۋەرلىشىش مۇساپىسى زور دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى ئۇچۇرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويۇشقا باشلىدى.

تېلېگراف ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ «كۆزنىكى». يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، تېلېگراف كەسپىدىكى «قاتتىق دېتال» قۇرۇلۇشى كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلاندى، «يۇمشاق دېتال» ھېسابلىنىدىغان مۇلازىمەت ئىشلىرىمۇ ئۇنىڭغا يېقىندىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئىدارە رەھبەرلىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئامما ئىنكاس قىلغان تېلېگراف مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى جەھەتتىكى پەرقلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ياخشىلاپ، قەتئىي تۈردە ئىستىل تۈزەتتى. مۇلازىمەت جەھەتتىكى پەرققە مۇئامىلە قىلىشتا، ئۈرۈمچى تېلېگرافى «ھەممە تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش قىلىش، ئىچكى جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈش، تاشقى جەھەتتىن تۈزەش»نى يولغا قويۇپ، بىرىنچىدىن، ئىچكى قىسىمدا ئۆزىنى تىزگىنلىدى؛ ئىككىنچىدىن ،تاشقى جەھەتتىن نازارەت قىلىشقا تاياندى. پۈتۈن شەھەردىكى تىجارەت تور، نۇقتىلىرىنى بىر تۇتاش رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتىپ، كۆركەم سۈرەت ـ رەسىملەرنى چاپلاپ، ئابونتلار ئىشلىتىدىغان ئورۇندۇق ـ شىرەلەرنى سەپلىدى؛ مۇلازىمەت خادىملىرىنىڭ فورمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بەلگە ئېسىپ ئىشقا چىقىشنى يولغا قويدى؛ «180» نومۇرلۇق ئابونتلار ئەرز قىلىش مەخسۇس تېلېفونى ئورنىتىپ، ئىجتىمائىي خالىسانە نازارەتچىلەرنى تەكلىپ قىلدى؛ ئابونتلارنى كۈتۈۋېلىش ئورنى قۇرۇپ، تېلېفون ھەققىنى سۈرۈشتە قىلىش تېلېفونى ئورنىتىپ، تىجارەت زالىدا ئومۇميۈزلۈك ئاشكارا مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويدى....

ئۈرۈمچى تېلېگرافى دۇنيا ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كۆلەم قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ مۇددەتتىن ئىلگىرى راۋاجلاندۇرۇشنى يولغا قويدى. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كەسپىي تىجارەت ئومۇمىي مىقدارى 908 مىليون 848 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 830 مىليون 382 مىڭ يۈەنگە، كارخانىنىڭ مۇقىم مۈلكى 2 مىليارد 840 مىليون يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەركىزىي شەھەرنىڭ تېلېگراف ئىشلىرىدىكى ئۆزگىرىش بۈگۈنكىدەك زور بولۇپ باققان ئەمەس، كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى بۈگۈنكىدەك ئۆزىگە جەلپ قىلىپ باققان ئەمەس.

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، ئۈرۈمچىدە ئاران 5000 دانە شەھەر تېلېفونى بار ئىدى، 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 530 مىڭغا يەتتى ۋە 1978 ـ يىلىدىكىسىنىڭ 106 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ ئەمەلىي تېلېفون ئورنىتىلغان ئابونتلار 280 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، 1978 ـ يىلىدىكىسىنىڭ 82.4 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ شەھەر رايونىدا ھەر 100 كىشىگە 37 دانىدىن تېلېفون بار بولدى، ھەر 1000 كىشىگە 8 دانىدىن ئاممىۋى تېلېفون توغرا كەلدى؛ شەھەردىكى تېلېفون ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتى 2 دىن كۆپىيىپ 40 قا، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى 79 دىن كۆپىيىپ 20 مىڭ 546 غا يەتتى؛ تېلېگراف شۆبە ئىدارىسى (پونكىتى) 2 دىن كۆپىيىپ 26 غا، پۈتۈن شەھەردىكى تېلېگراف مۇلازىمىتى تور ـ نۇقتىلىرى 310 دىن كۆپرەككە يەتتى.

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، ئۈرۈمچىدە ئائىلە تېلېفونى بىر خىل مەرتىۋە سىمۋولى سۈپىتىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆيلىرىگىلا ئورنىتىپ بېرىلەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، تېلېفون ئورنىتىش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شەھەر

بويىچە ئورنىتىلغان ئائىلە تېلېفونى 280 مىڭدىن كۆپرەككە، ئورنىتىش نىسبىتى %70 كە يەتتى.

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا بىرمۇ ئاممىۋى تېلېفون يوق ئىدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بىرىشتە پوچتىخانىغا بېرىپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاشقىلا توغرا كېلەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ئاممىۋى تېلېفونلار ھەممىلا يەردە بار بولۇپ، شەھەر بويىچە 11 مىڭ 308 دانىگە يېتىپ، پوچتا ـ تېلېگراف مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، ئۈرۈمچىدە كۆچمە تېلېفون ئارقىلىق خەۋەرلىشىش «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدەك ئىش بولۇپ، ئۇنى ھېچكىم ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە «نوجىيا»، «ئېيلىشىن»، «موتورولا» دېگەنلەرنى قولدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ خالىغان يەردە خەۋەرلەشكىلى بولىدىغان بولدى. ھازىرغىچە 90 مىڭدىن ئارتۇق ئابونت تورغا كىرگۈزۈلدى، «يانفون» چېگرا شەھىرىدىكى يېڭى تىپتىكى خەۋەرلىشىش قورالىغا ئايلاندى.


بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، ئۈرۈمچى تېلېگرافىدا كونىچە ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتى ئىشلىتىلەتتى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى كىچىك، شاۋقۇنى چوڭ، ئۇلىنىشى ئاستا، سۆز سۈپىتى ناچار ئىدى. 90 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، كارخانىنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ۋاستە قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يېڭى خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، تېخنىكىلىرىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ ھەزىم قىلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى دېھقانلار تېلېفونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تېلېفونلارنىڭ ھەمنىۋاسىدا ئالماشتۇرۇش پروگراممىلاشتۇرۇلدى ۋە تورلاشتۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، ئۈرۈمچى تېلېگرافى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يەتكۈزۈشتە ئوچۇق سىملىق دولقۇنغا تايىناتتى، ئارىلىق يىراق بولغانسېرى كاشىلىلار زور بولاتتى، تەبىئىي، سۈنئىي ئاپەتلەرگە يولۇققاندا تېلېفون توختاپ قالاتتى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاساسىي تورلار قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 1981 ـ يىلى ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇڭ يۇقىرى چاستوتىلىق قوش كابېل ئۇتاشتۇرۇلدى. 1988 ـ يىلى ئىتالىيىدىن سىفىرلىق مىكرو دولقۇن ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈلۈپ، 1990 ـ يىلى ئۈرۈمچى ـ تۇرپان ئۇزۇن يوللۇق نۇركابېللىق خەۋەرلىشىش يولغا قويۇلدى، 1994 ـ يىلى ئۈرۈمچى ـ لەنجۇ ـ شىئەن نۇركابېللىق خەۋەرلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھازىر زور قىسىمدىكى خەۋەرلىشىش نۇركابېللىق ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سىفىرلاشتۇرۇلدى. توك يوللىرى كۆپ، سىغىمچانلىقى چوڭ بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى سۈپىتى ياخشى، ئاۋاز ئېنىق بولىدىغان بولدى.

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، ئۈرۈمچى تېلېگرافى جەمئىيەتنى بىرلا خىل تېلېفون، تېلېگرامما كەسپى بىلەنلا تەمىنلىيەلەيتتى. تېلېگرامما، تېلېفون بىرىشتە كونىچە تېلېگراف ماشىنىسىغا، چۆگۈلىتىدىغان تېلېفونغا، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى ئۇلاشتا سۈنئىي يول بىلەن ئۇلاشقا تايىنلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە تېلېگراف كەسپىنىڭ ئىقتىدارى 20 نەچچە خىلغا يېتىپ، يەرلىك تېلېفون تورى، كۆچمە خەۋەرلىشىش تورى، سىفىرلىق سان ئاساسى تورى، كۆپ خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق خەۋەرلىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ھاۋا بوشلۇقىدىن يەر ئاستىغىچە، تۇراقلىق بولۇشتىن كۆچمە بولۇشقىچە بولغان ستېرېئولۇق خەۋەرلىشىش تورى شەكىللەندى: ئوچۇق سىملىق، نۇركابېللىق، مىكرو دولقۇنلۇق، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق خەۋەرلىشىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن كۆپ ئىقتىدارلىق خەۋەرلىشىش ـ يەتكۈزۈش سىستېمىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. شەھەر تېلېفونى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، تېلېگرامما، كۆچمە خەۋەرلىشىش، سىمسىز چاقىرىش، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى، يىغىن تېلېۋىزىيىسى، ئاۋاز ـ خەت ساندۇقى قاتارلىقلار بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، مەركىزىي شەھەرنىڭ ئالەم بوشلۇقىنى زىننەتلىمەكتە.

ئۈرۈمچى تېلېگرافى 50 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىل مابەينىدە، ئۈرۈمچى تېلېگرافى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئىقتىدارنى ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش»نى نىشان قىلىپ، چېگرا شەھەر تېلېگراف ئىشلىرىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىدىن دۇنياغا كۆزنەك ئېچىپ، مەركىزىي شەھەر ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، تېلېگراف تەرەققىياتىنىڭ شانلىق مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بەردى.

**قادىر داۋۇت تەرجىمىسى**
**ئابدۇسالام فوتوسى**



# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئاۋمېن

جۇڭ يەن

1931 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلدى. خەۋەر تارقالغان ھامان جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە داغدۇغىلىق ھەرىكەتنى باشلىۋەتتى. ئاۋمېندىكى قېرىنداشلارمۇ ئىچكى جايلاردىكى خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى غەزەپلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرشىگە ئاتلاندى.

پورتوگالىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو ـ ياپونىيە توقۇنۇشىدا ئاتالمىش «بىتەرەپ» تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانلىقتىن، ئاۋمېن ھۆكۈمىتى ئاۋمېندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاشكارا ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. لېكىن ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ھۆكۈمەتنىڭ مەنئى قىلىش بۇيرۇقى ئالدىدا تىز پۈكمەي، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش نامى بىلەن ئاتلاندى. مەيلى باي سودىگەرلەر بولسۇن ياكى ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار بولسۇن، مەيلى چوڭلار ياكى ئۆسمۈرلەر بولسۇن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىئانە توپلاپ، ئىچكى جايلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە ياردەم بەردى. بەزى ئاۋمېنلىق ياشلار ئىچكى جايلارغا بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرشىگە بىۋاستە قاتناشتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرشىدە ياپون ئارمىيىسىگە قارشى ھاۋا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئالەم بوشلۇقىنى قانغا بويىغان ئىنقىلابىي قۇربان لىن ياۋ شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەشھۇر ياش ھېسابلىنىدۇ.

ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تەشكىللىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. ئاۋمېن خەلقى كىتاب ئوقۇش ئۇيۇشمىسى، تىياتىرچىلار جەمئىيىتى، مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، ناخشا ئۆمىكى قاتارلىق ناملار بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ جانلىق بولغانلىرى ئاممىۋى ناخشا ئۆمىكى، چېيەنفېڭ تىياتىر جەمئىيىتى، شاۋجوڭ تىياتىر جەمئىيىتى، جۇڭگو ياشلىرىنىڭ قۇتقۇزۇش ئۆمىكى، ئاياللار ھەمكارلىق جەمئىيىتى قاتارلىقلار بولدى. ئۇلار ئويۇن قويۇپ «پىدائىيلار مارشى»، «مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش مارشى» قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، ئاۋمېندىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى؛ ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنى ئارقا تىرەك قىلغان «داجۇڭباۋ گېزىتى»، «جاۋياڭ رىباۋ گېزىتى» ئىچكى جايلاردىكى ۋە ئاۋمېندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى دائىم زور سەھىپە ئاجرىتىپ خەۋەر قىلىپ تۇردى، ئاۋمېندىكى ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى، ئۇلار ئىجاد قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى خەۋەر قىلىپ، ئاۋمېندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم جامائەت پىكرى بازىسىغا ئايلاندى.

1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، لوگۇچياۋ ۋەقەسى يۈز بېرىپ، مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى رەسمىي باشلاندى. ئاۋمېن خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتى تېخىمۇ ئۆرلىدى. 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ياپونىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى داياۋەن قولتۇقىدىن قۇرۇقلۇققا چىقتى، ياپون ئار-

مىيسى گۇاڭجوۇنى تېزلىكتىلا ئىشغال قىلىۋالدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان زور مىقداردىكى پۇقرالار ئۆزىنى ئۇرۇش ئوتىدىن چەتكە ئېلىش ئۈچۈن ئاۋمېنغا ئېقىپ كىردى. ئاۋمېندىكى ھەرقايسى جەمئىيەتلەر ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن، ئاۋمېندىكى دىنىي جەمئىيەتلەر ئاللاقىدار كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەر خىل مەكتەپلەرنى ئېچىپ، قېچىپ كەلگەن پۇقرالار ئىچىدىكى زور تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1939 ـ يىلى ئاۋمېندا 140 نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلىپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بولغان، 30 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلىپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بولغان، مەكتەپ سانىمۇ، ئوقۇغۇچى سانىمۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن، ئىچكى جايلاردىن كەلگەن مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلگىرى ئوقۇيالمىغان ئاۋمېنلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرمۇ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەررەزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىمۇ پەيدىنپەي ئۆرلىدى. ئىلىم ساھەسىدىكىلەر، مۇزىكا ساھەسىدىكىلەر، تىياتىر ساھەسىدىكىلەر، تەنھەرىكەت ساھەسىدىكىلەر ئىچىدىكى نۇرغۇن ياش ۋەتەنپەرۋەرلەر تەشكىلاتلىرى بىرلىشىپ بىرلىككە كەلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلات «ئاۋمېندىكى تۆت ساھەدىكىلەرنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى» بولۇپ ئۇيۇشۇپ، كەڭ ئاممىنى يېتەكلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەررەزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ئۇلار كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇنلىرىغا ئىئانە پۇل توپلىدى، سەييارە ئويۇن قويۇش، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، «7 ـ ئىيۇل » خاتىرە ئىزنىكى» تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، پۈتۈن ئاۋمېن دائىرىسىدە 40 نەچچە كۈن داۋام قىلغان خالىسانە سېتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان، ئۇنىڭغا ئاۋمېندىكى سودا تەشكىلاتلىرى ۋە سودا دۇكانلىرى ھەتتا گېزىت سېتىش پوكەيلىرىمۇ پائال تۈردە قاتناشقان بولۇپ، داغدۇغىسىنىڭ زورلۇقى، تەسىرىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە ئاۋمېن تارىخىدا مىسلىسىز بولغان. 1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، «13 ـ ئاۋغۇست ۋەقەسى»نىڭ ئىككى يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئىئانە توپلاش پائالىيىتىدە، ئاۋمېندىكى بانكىلار، زىبۇ ـ زىننەت دۇكانلىرىمۇ پائال تۈردە پۇل ئىئانە قىلغان، شۇ قېتىمقى پائالىيەتتىلا 100 مىڭ يۈەندىن كۆپ ئىئانە توپلانغان، ئاۋمېندەك كىچىككىنە بىر جاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئاز پۇل ئەمەس.

ئاۋمېندىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر يەنە ھەر خىل مۇلازىمەت ئۆمىكى تەشكىللەپ ئىچكى جايلارغا ئەۋەتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشكە قاتناشتۇردى. «ئاۋمېندىكى 4 ساھەدىكىلەرنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى» تەشكىللىگەن مۇلازىمەت ئۆمىكىگە 170 نەچچە كىشى قاتناشقان بولۇپ، بۇ ئۆمەك 10 ئەترەتكە بۆلۈنگەن، 1938 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە مۇددەتتە، تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئىچكى جايلارغا بېرىپ، جەڭ مەيدانىدىكى مۇلازىمەت ئىشلىرىغا قاتناشقان. مۇلازىمەت ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك شارائىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچى ئاما ئۈچۈن پارتىزانلىق ئۇرۇشى تاكتىكىسى كۇرسى ئېچىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق گۇرۇپپىلارنى تەشكىللەپ، يېزىلاردىكى ياشلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشتۇرغان. مۇلازىمەت ئۆمىكىنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەزالىرى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنلىرى ئىچىدىكى سىياسىي خىزمەت ئەترىتىگە قاتنىشىپ، ئادەتتىكى چاغلاردا جەڭچىلەرگە خەت ئۆگىتىپ ساۋاتىنى چىقارغان، ناخشا ئۆگەتكەن ياكى تېببىي داۋالاش جەھەتتىكى مۇلازىملىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇرۇش ۋاقتىدا قولىغا قورال ئېلىپ جەڭگە قاتناشقان.

1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىدى، شياڭگاڭ قولدىن كەتتى، ئاۋمېن غۇلاپ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان «يېتىم ئارال»غا ئايلىنىپ قالدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆكتەملىكى ئارقىسىدا، ئاۋمېن دائىرىلىرى ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق مەنئى قىلدى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىمۇ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى، ھەتتا ئاۋمېندىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا قىرغىنچىلىق قىلىش ۋاسىتىسى بىلەن تاقابىل تۇردى. لېكىن ئاۋمېن خەلقى ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىدى، ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەررەزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىي بۇرچى دەپ بىلەتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆزلىرى چىقىرىۋاتقان گېزىت ـ ژۇرناللارغا تارىخىي ھېكايىلەرنى چىقىرىپ تارىخ ئارقىلىق ھازىرقىنى ئەيىبلەپ، ئوچرىكلارنى يېزىش ئارقىلىق دۈشمەننى پۇخادىن چىققۇچە تىللاپ ئۇلارغا رەددىيە بەرگەن، بولۇپمۇ ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدىكى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق ئاۋمېن خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن. گۇاڭدۇڭ، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردىكى تىياتىر ئۆمەكلىرى ئاۋمېندا «مىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى غەزەپ» قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى تىياتىرلارنى ئويناپ چىقىپ، ئويۇن سەھنىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش سەھنىسىگە ئايلاندۇرغان. مۇشۇ مەزگىلدە تېخىمۇ كۆپ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئىچكى جايلارغا بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان.



# پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ۋە ئىلىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەرقى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،
سابىق قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ
باشلىقى **جۇ گۇاڭيا**

21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى مۇنداق بولىدۇ: زور كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يولىنىڭ توپلاشتۇرۇلۇش دەرىجىسى يەنىلا بىر يېرىم يىلدىن ئىككى يىلغىچە بىر قاتلىنىش سۈرئىتى بويىچە ئېشىپ بېرىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قالىدۇ؛ ھېسابلاش ماشىنىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك ۋە ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى يۆنىلىشكە، نوقۇل ھالدىكى سانلىق ھېسابلاشتىن كۆپ مەنبەلىك ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ؛ خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى كەڭ لىنتىلىق بولۇش، شەخسىيلىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق بولۇش، ئۇنىۋېرساللىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ؛ ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن خەۋەرلىشىشنىڭ زىچ بىرلىشىشى، ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ زىچ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە بىر قاتار يېڭى ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرى مەيدانغا كېلىدۇ.

مەملىكەت سىرتىدىكىلەر ئۇچۇر جەمئىيىتىگە تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە باھا بەرگەن: بىرىنچى، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى (ئوقۇۋاتقان ئادەم سانى، گېزىت ئوقۇيدىغان ئادەم سانى قاتارلىقلار)؛ ئىككىنچى، ئۇچۇر ئاساسىي قۇرۇلمىسى (كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېلېفون سانى، تېلېۋىزور سانى، سۈنئىي ھەمراھنىڭ قاپلاش نىسبىتى قاتارلىقلار)؛ ئۈچىنچى، ھېسابلاش ماشىنىسى ئاساسىي قۇرۇلمىسى (كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى سانى، تورلىشىش نىسبىتى، يۇمشاق، قاتتىق دېتالغا سەرپ قىلىنىدىغان چىقىم) قاتارلىقلار. باھالاش نەتىجىسى مۇنداق بولۇپ چىققان: 55 دۆلەت 300 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان، دۆلىتىمىز 49 ـ ئورۇنغا تىزىلغان؛ 150 دۆلەت 300 دىن تۆۋەن نومۇر ئالغان.

بىئولوگىيە تېخنىكىسى كەسپىدە زاھىر بولۇۋاتقان ئارتۇقچىلىقلار ئاساسلىقى مەھسۇلات قىممىتى يۇقىرى بولۇش، تېز ئۈنۈم بېرىش؛ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاسىلىي بايلىقلاردىن پايدىلانغىلى بولۇش؛ بۇ تېخنىكىدا ئومۇمەن بۇلغىنىش بولماسلىق ۋە باشقىلار. گېن قۇرۇلۇشىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە قوللىنىلىشىنى ئالساق، ئۇ يېزا ئىگىلىكىدىكى يېشىل رەڭلىك ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ دانلىق زىرائەت ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سورتىنى ئۆزگەرتتى. نۆۋەتتە، 30 خىل گېن قۇرۇلۇشى ئاساسىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بازارغا سېلىندى. مەسىلەن، غوزا قۇرتىغا تاقابىل تۇرىدىغان كېۋەز، پىشىش ۋاقتى ئۇزارتىلىدىغان شوخلا، ياۋا ئوتقا تاقابىل تۇرىدىغان كۆك تاماكا، قىچا، دادۇر، كېۋەز، ھاشارات ۋە كېسەللىككە تاقابىل تۇرىدىغان كاۋا، كۆك تاماكا، ماي تەركىبى ياخشىلانغان قىچا، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرىدىغان ياڭيۇ ۋە باشقىلار. يېڭى تىپتىكى دورا، ۋاكسىنىلارنى ياساش ۋە گېن ئارقىلىق داۋالاش جەھەتتە، نۆۋەتتە 50 خىلدىن ئارتۇق گېن مەھسۇلاتى بازارغا سېلىنىپ، ساقايتىش قىيىن بولغان، كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلمەكتە.

ئېلىمىزدىكى بىئولوگىيە تېخنىكىسى ساھەسىدىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، چېكىنىشكە تاقابىل تۇرىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېڭى تۈرلىرى؛ يېڭى تىپتىكى دورىلار؛

ئاقسىل ماددىسى قۇرۇلۇشى، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ بىئولوگىيە تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تەجرىبىخانا تېخنىكىسى جەھەتتىكى پەرق زور ئەمەس، بەزىلىرى خەلقئارادا ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ، لېكىن داۋاملىق ئىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ؛ سانائەتلەشتۈرۈش سەۋىيىسى جەھەتتە بولسا پەرق ناھايىتى زور.

ماتېرىيال يېڭى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مېتاللورگىيە، خىمىيە، قاتتىق جىسىم فىزىكىسى ۋە قۇرۇلۇش يېڭى قاتارلىق ساھەلەردە راۋاجلانغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تارماق پەن بولۇپ، ماتېرىيال تېخنىكىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. ئېلىمىزنىڭ ماتېرىيال سانائىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى باشتىن ـ ئاخىرغىچە سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئارقىدا تۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئېلىمىزنىڭ ماتېرىيال تېخنىكىسىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇپ، ئاساس تەتقىقاتى بىلەن ماتېرىيالدىن پايدىلىنىشنى بىرلەشتۈرۈش تازا ياخشى بولمىدى، ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش، ياساش تېخنىكىسى قالاق. ئامېرىكىنىڭ بىر پارچە باھالاش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، «4»نى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ۋەكىل قىلغاندا، ئېلىمىزنىڭ ماتېرىيال تېخنىكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى 2.7 ، ياساش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى ئاران 1.6 بولغان.

ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ماتېرىيالغا بولغان ئېھتىياجى ئىنتايىن جىددىي، پولاتنى مىسالغا ئالساق، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 100 مىليون توننىدىن ئېشىپ كەتتى ۋە دۆلىتىمىز دۇنيا بويىچە 1 ـ پولات چوڭ دۆلىتىگە ئايلاندى. لېكىن خەلقئارا ئۆلچەم ۋە ئىلغار ئۆلچەم بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پولات ماتېرىيالى %80 كە يەتمەيدۇ، دۇنيادىكى ئاساسلىق پولات ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي سۈپەت سەۋىيىسىگە يېتىدىغان پولات ماتېرىياللىرى %20 كە يەتمەيدۇ. ھەر يىلى غايەت زور مەبلەغ سەرپ قىلىپ 10 مىليون توننىدىن نەچچە 10 مىليون توننىغىچە ئەلا سۈپەتلىك پولات ماتېرىياللىرى ئىمپورت قىلىنىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ كۆمۈركان ئېچىش، نېفىت قېزىش، سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقات، ئېچىش، پايدىلىنىش ئىشلىرى زور قەدەم بىلەن راۋاجلاندى ھەمدە خەلقئارادا بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىدى. لېكىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك توك ھاسىل قىلىش تېخنىكىسى، كۆمۈر تازىلاش تېخنىكىسى، يادرو ئېلېكتىر يېڭى تېخنىكىسى، يېڭى ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى، ئېنېرگىيىنى زاپاس ساقلاش تېخنىكىسى، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى ئېلېكترون تېخنىكىسى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئاساس تەتقىقاتى، ئاچقۇچلۇق قۇرۇلۇش تېخنىكىسى تەتقىقاتى، چوڭ تىپتىكى ئۈسكۈنىلەرنى ياساش، بولۇپمۇ ئۆزئالدىمىزغا يېڭىلىغان ئەمەلىي قوللىنىش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيە بىلەن بولغان پەرق خېلى زور.

ھازىر نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ئالەم قاتنىشى ئەسلىھەلىرىنى ئېتىپ چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. ھازىرغىچە ھەرقايسى دۆلەتلەر ئازكەم 5000 دانە ئالەم قاتنىشى قورالىنى ئېتىپ چىقىرىپ، ئالەم بوشلۇقى بايلىقىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى باشلىدى. قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ئالەم بوشلۇقى پونكىتىنى ئالساق، ئۇ ئامېرىكىنىڭ باشچىلىقىدا روسىيە، ياۋروپا ئالەم بوشلۇقى ئىدارىسى قارىمىقىدىكى 11 دۆلەت، ياپونىيە، كانادا ۋە بىرازىلىيە قاتارلىق 16 دۆلەت بىرلىشىپ قۇرىدىغان ۋە ئىشقا سالىدىغان چوڭ تىپتىكى ئادەم قاچىلاپ ئوربىتىدا ئايلىنىدىغان ئۈسكۈنە بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 400 توننىدىن ئاشىدۇ، ئۇ ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ياتىقى، تەجرىبىخانا، مۇلازىمەت بۆلۈمى، قوشۇلۇپ ئۆتۈش بۆلۈمى، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئەسلىھەسى قاتارلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ. پىلان بويىچە 2002 ـ يىلى پۈتتۈرۈلىدۇ، دەسلەپكى مۆلچەر بويىچە 100 مىليارد دوللار مەبلەغ سەرپ قىلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى دۆلەتلەر مالىيە قىيىنچىلىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە يېڭى يوللارنى ئىزدەندى. ئالەم قاتنىشى تەتقىقاتىدا تۆۋەندىكىلەرنى تەكىتلەيدىغان بولدى: (1) سۈنئىي ھەمرا لايىھىلەشتىكى ئەنئەنىۋى ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ، تېجەشلىك، ئەمەلىي قوللانغىلى بولىدىغان كىچىك سۈنئىي ھەمرانى راۋاجلاندۇرۇش. (2) سۈنئىي ھەمرا ياساش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش. (3) تېخىمۇ تېجەشلىك بولىدىغان سۈنئىي ھەمرا توشۇش قورالىنى تەتقىق قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش، بۇ ئۇسۇل ئېلىمىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدۇ.

# چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قەيەردە؟

پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يۈزەكى تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈش يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ يېڭى باسقۇچنىڭ كۆرۈنەرلىك بىر بەلگىسى شۇ بولدىكى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ئۆزىنى تىزگىنلىشى، چوڭ ، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، تارماقلار ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپە ۋە تەربىيە، قانۇن - تۈزۈم، نازارەتچىلىك، ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك تەدبىر ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان تۈپ پىكىر يولى ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە بىر قاتار كونكرېت، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئارقىلىق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن كەلگەن خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، 1999 - يىلىدىكى پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپە ۋە تۆت تۈرلۈك تەدبىردىن ئىبارەت يۈزەكى تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشتىن ئىبارەت تۈپ پىكىر يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى.

## چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپىسى

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇپ ئۆزىنى تىزگىنلىشى جەھەتتە، ئاساسلىقى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇپ ئۆزىنى تىزگىنلىشى مەخسۇس تېما قىلىنغان دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئارقىلىق، تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈلدى: بىرىنچى، «ئومۇمنىڭ ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇش مىزانى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالى. ئىككىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بېسىپ تارقاتقان «پارتىيە ئىستىلى، ئومۇمنىڭ ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى. ئۈچىنچى، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىش، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىشنى توسۇش توغرىسىدىكى 8 ماددىلىق بەلگىلىمە، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئومۇمنىڭ ئىشىغا دائىر پائالىيەتلەردىكى ئۇزىتىش، قارشى ئېلىش مۇراسىملىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەنزىرىلىك، ئاتاقلىق رايونلارغا بېرىپ يىغىن ئېچىشىنى قاتتىق مەنئى قىلىشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمۇ ساقلانغان مەسىلىلەرنى بەلگىلىمە بويىچە ئۆزى تەكشۈرۈپ ئۆزى تۈزىتىشى لازىم.

ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەسىرى زور بولغان بىر تۈركۈم چوڭ - چوڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى، مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى، ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ۋە ناھىيە (باشقارما)دىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ ئەدلىيە، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە، بىناكارلىق ساھەسىدىكى دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئاساسىي قاتلامدا يۈز بەرگەن، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

تارماقلار ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش جەھەتتە، تۈزىتىش بىلەن بەرپا قىلىشنى بىللە ئېلىپ بېرىش فاڭجېنىدا ۋە «كىم ئاساسلىق باشقۇرىدىغان بولسا، شۇ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، بۇ ئىش تەدرىجىي ھالدا دائىملىق باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇزاققىچە تۈزىتىلمىگەن، تەكرارلىنىشى كۆپ بولغان بەزى مەسىلىلەر، مەسىلەن، دېھقانلارنىڭ سېلىقى، كارخانىلارنىڭ سېلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش، يېزا - كەنت ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرىنى ئىخچاملاش قاتارلىق ئىسلاھات ئۇسۇلى ئارقىلىق تۈپتىن ھەل قىلىش لازىم.

## چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ تۆت تۈرلۈك تەدبىرى

بىرىنچى، پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە پاكلىق تەربىيىسى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى.

ئىككىنچى، قانۇن - نىزام ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان تۇتۇلدى، بۇ يىل، ئاساسلىقى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن تۈزۈپ چىققان پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشى چىڭ تۇتۇلدى.

ئۈچىنچى، پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى ھەر خىل نازارەتچىلىكنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، نازارەتچىلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار بولدى.

تۆتىنچى، ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان زېمىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

# باشقىلارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۆزى چىرىتىشكە تاقابىل تۇرماسلىققا بولمايدۇ

● جۇ گاڭ ●

چىرىكلىككە نەپرەتلەنمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارمۇ كەڭ ئامما ئالدىدا سىپايىگەرچىلىك قىلىپ چىرىكلىكنىڭ زىيىنى، ئۆزىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىرادىسى ئۈستىدە گەپ ساتىدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈن چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى توسىغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ بەزىلەرنىڭ «باشقىلارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۆزى چىرىتىشكە تاقابىل تۇرمىغان»لىقى، باشقىلار ئالدىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرىمىز، دەپ توۋلاپ، ئاستىرتتىن چىرىكلىشىشنى يولغا قويغانلىقىدا.

«گۋاڭدۇڭ ياچېيكا تۇرمۇشى»نىڭ ئاشكارىلىشىچە، گۋاڭدۇڭ ئۆلكىسى فوگاڭ ناھىيىسىنىڭ سابىق شۇجىسى قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يې گۋاڭجاڭ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە، ئاغزىدا سۆزلەشنىلا بىلىپ، ئەمەلىيەتتە قارشى تۇرمىغان، ھەتتا چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلار بىلەن بىر ئېقىندا بۇلغانغان. فوگاڭ ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇنىڭ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ يىغىنىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي «ئۈچكە ھەمراھ بولۇش»قا يول قويماسلىق توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىتىۋاتقاندا، ئاغزىدىن چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشنى چۈشۈرمەيدىغان بۇ «باشلىق غوجام» بىر پاھىشىنى قۇچاقلاپ، تېلېۋىزور ئالدىدا پاھىشىۋازلىق قىلغان. بۇنداق كىشىلەر، دەل يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىكى: «ئاغزىدا بىر خىل سۆزلەپ، ئەمەلىيەتتە يەنە بىر خىل ئىش قىلىدىغان، سەھنىدە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش ھەققىدە گەپ سېتىپ، سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن ناتوغرا كەيپىياتلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان» كىشىلەردۇر.

باشقىلارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۆزى چىرىتىشكە تاقابىل تۇرمايدىغان بۇنداق ئەھۋال بەزى كىشىلەرنىڭ چىرىكلىشىش مەسىلىسىگە تۇتقۇۋاتقان پوزىتسىيىسىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئەگەر بىر ئىنسان ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان مال ـ دۇنيانى ئالماسلىقتەك ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاقنىمۇ ھازىرلىمايدىكەن، ئۇنىڭ لاياقەتلىك پارتىيىلىك كادىر بولۇشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۇنداق كىشىلەر چوڭ يىغىنلاردا چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش ھەققىدە ھەرقانچە گەپ ساتقان، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ھەرقانچە ياخشى يازغان بولسىمۇ، بۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ يۈرەك سۆزى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ساختا قىياپىتى ھامىنى بىر كۈنى ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

«باشقىلارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۆزى چىرىتىشكە تاقابىل تۇرمايدىغان» كىشىلەر «ئاغزىدا چىرايلىق گەپ سېتىپ، ئەمەلىيەتتە رەزىل ئىشلارنى قىلىدىغان» كىشىلەردۇر. كىشىلەر بۇنداق ئادەملەرنى جەمئىيەتتىكى «مىتە قۇرت» دەپ ئاتىماقتا. بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن نىقابلىۋالىدۇ، قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان بۆرىدەك پارتىيىلىك كادىرلار قوشۇنىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئىلغارلىقى ۋە پاكلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەنىدى: «سادىق بولۇش دېگەن نېمە؟ ئاسىيلىق قىلىش دېگەن نېمە؟ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ـ سادىق بولغانلىقتۇر، چىرىكلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ـ ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر. بىز ‹ئاغزىدا چىرايلىق گەپ سېتىپ، ئەمەلىيەتتە رەزىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان› كىشىلەردىن،

ياكى ئاغزىدا بىر خىل گەپ سېتىپ ئەمەلىيەتتە باشقىچە ئىش قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىچىلەردىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىشىمىز لازىم.» شۇنىڭ ئۈچۈن، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە، ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، «باشقىلارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىدىن نەپرەتلىنىپ ئۆزى چىرىتىشكە تاقابىل تۇرمايدىغان»، «ئاغزىدا چىرايلىق گەپ سېتىپ، ئەمەلىيەتتە رەزىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان» كىشىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم، ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى سۆزىگە قاراش، تېخىمۇ مۇھىمى ھەرىكىتىگە قاراش، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگە ئالدىنىپ قالماسلىق، ساختا كۆرۈنۈش ئالدىدا گاڭگىراپ قالماسلىق، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ «ھەقىقىي قىياپىتى»نى ئېنىق كۆرۈۋېلىش لازىم. ھەر بىر پارتىيىلىك كادىر ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، باشقىلارغا قىلىڭلار دېگەننى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلىشى، باشقىلارنى قىلماڭلار دېگەننى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى قىلماسلىقى؛ باشقىلارنىڭ ئالدىدا قانداق بولسا، كەينىدىمۇ شۇنداق بولۇشى، سەھنىدە قانداق سۆزلىگەن بولسا سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىشى، باشقىلارنىڭ نازارىتى بولغان ـ بولمىغان چاغدىكى ھەرىكىتى ئوخشاش بولۇشى؛ ئاچكۆزلۈك قىلمايدىغان، ھورۇنلۇق قىلمايدىغان، نەپسىگە بېرىلمەيدىغان، قولىنى سوزمايدىغان بولۇشى، چىرىكلىك ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىنى ئاڭلىق ھالدا توسۇپ، مەردانىلىك بىلەن توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇشى، پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. (05)

## پارتىيە ئىستىلى ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى

پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەننىڭ پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش توغرىسىدىكى تەدبىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش مىنىستىرلىكى «پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نى تۈزۈپ چىقتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن 1998 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بۇ «بەلگىلىمە»نى بېسىپ تارقىتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

«بەلگىلىمە»گە ئاساسەن، پارتكوم (پارتگورۇپپا)، ھۆكۈمەت شۇنىڭدەك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان دائىرىدىكى پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىغا ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم.

پارتكوم (پارتگورۇپپا)، ھۆكۈمەت شۇنىڭدەك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فونكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ بىرىنچى باشلىقلىرى ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان دائىرىدىكى پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىغا ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولۇشى؛ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى باشقا ئەزالار خىزمەت تەقسىماتىغا ئاساسەن، ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان دائىرىدىكى پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم.

«بەلگىلىمە»گە خىلاپلىق قىلغان پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى كونكرېت بەلگىلەندى.

(خۇنەن «ھازىرقى زامان پارتىيە قۇرۇلۇشى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىلى 5 ـ سانىدىن) (05)



# سەھرا ئوغلانى

## ـ باشقىلارغا گۈل تۇتقان قولدىن ئەتىر پۇرايدۇ.

(خەلق ماقالىسى)

**ھۆسەن تۇردى ، ئابدۇكېرىم قادىر**

كىشى مېھنىتىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىش ـ مېھنەت سۆيەر كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ھەرقانداق شان ـ شەرەپ مېھنەت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. تېكەس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى ئابلەت قادىر ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئەمگىكى بىلەن قەدىرلىنىۋاتقان ھەقىقىي سەھرا ئوغلانى.

### تېگىرقاش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

1975 ـ يىلى ئىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىنى تاماملىغان ئابلەت قادىر تېكەس ناھىيە بازىرىنىڭ تراكتور پونكىتىغا تەقسىم قىلىندى، ئۇ پونكىتتا تراكتورچى، تراكتورچىلار باشلىقى، تېخنىكا ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ـ چىقالماسلىق دەسلەپ ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرماي قالمىدى. بىراق تەشكىلنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى، ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى، ئۆزىدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان غەيرەت ـ شىجائەت ئۇنىڭدىكى تېگىرقاشتىن غالىب كەلدى. ئۇ ئىشلەنسېرى باش چۆكۈرۈپ كىرىشىپ كەتتى. ئابلەت قادىر

يېزا ۋە كەنتلەردە يەر ھەيدىدى، جاپاغا چىداپ تۇپراقنى تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە ئاغدۇرۇپ، تېرىلغۇنىڭ سۈپەتلىك، ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئىش تاللىماي باشقىلار ئېھمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى ئىشلىدى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قايتۇردى. تېخنىكا ئۆگىنىش تراكتور پونكىتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ئابلەت قادىر ھەر يىلى قىشتا ئىشچىلارنى قەرەللىك تەربىيىلىدى. مەكتەپتە ئىگىلىگەن بىلىمى ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ دەرس ئۆتۈپ، تراكتورچىلارغا، تېخنىك ئىشچىلارغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلدى.

ئۇ تراكتور پونكىتىدا تۇرغان بەش يىل ئىچىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 57 ئىشچىنى ئەمەلىي مەشغۇلات تېخنىكىسى بىلەن تەربىيىلەپ، يېزا تراكتور پونكىتى ئۈچۈن خېلى ساپالىق تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

### يېڭى ئورۇنلاردىكى يېڭى ئىشلار

1980 ـ يىلى بۇ بازاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. تەشكىل ئابلەت قادىرنى بۇ ئورۇنغا يۆتكەپ، ئۇنىڭغا تېخنىك، بوغالتىرلىق، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يۈكلىدى، ئابلەت قادىر ئەتراپلىق ئويلىنىپ، بىر تەرەپتىن، يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات پىلانىنى تۈزۈپ، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ خىزمەت ئىشلەپ، مەشغۇلات پىلانىنى ھەرقايسى تراكتور گۇرۇپپىلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قىش پەسىللىك رېمونت قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تراكتورچى ۋە مەشغۇلات خادىملىرىغا تېخنىكىلىق جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش جەريانىدا زور ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلگەن 3 قېتىملىق ھادىسىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ، تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

1982 ـ يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ

بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلغاندا، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئابلەت قادىرنى ناھىيىگە يۆتكەپ كېلىپ، بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش، تراكتور شوپۇرلىرىغا دەرس ئۆتۈشكە مەسئۇل قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسى يېزىدىن ناھىيىگە كېڭەيگەنىدى. ئۇ پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ،ناھىيە تەۋەسىدىكى تراكتور شوپۇرلىرىغا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىك مەشغۇلات قائىدىسى» توغرىسىدا دەرس ئۆتتى. ئۇنىڭدىن باشقا كەنت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 67 خادىمنى بۇ جەھەتتىن تەربىيىلىدى. ناھىيىلىك قاتناش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ناھىيە بويىچە بىرلەشمە تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ، تېكەس ناھىيىسىنىڭ تارىخىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى دۆلەتكە ۋاكالىتەن تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ئۇ خىزمەتتە ئادىل بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇ ساھەدە تونۇلۇشقا باشلىدى. 1986 ـ يىلىغا كەلگەندە ئابلەت قادىر پونكىتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كېيىنچە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. ئابلەت قادىرنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى دەل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كوللېكتىپ باشقۇرۇشتىن شەخسلەر باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تارقىلىش، چېچىلىش دائىرىسى كەڭ، باشقۇرۇشى قولايسىز، خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئىدى، شۇڭا ئۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى نورمال قانات يايدۇرۇشتا بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەقتە «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش چارىسى»دىن باشقا، كۆرۈلگەن ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھېچقانداق مۇكەممەل بەلگىلىمە ـ نىزاملار يوق، پونكىتنىڭ قاتناش قورالى تۇرماق ۋېلىسىپىت چاغلىق نەرسىمۇ يوق ئىدى. دېمەك، ھەممە ئىشنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ قانۇن ئورۇنلىرى، قاتناش تارماقلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىنى توپلاپ ئۆگەندى. ئۇنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىدى. خادىملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ رولى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، پونكىتنىڭ بىر قەدەر سىستېمىلىق باشقۇرۇش چارىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇ، بىخەتەرلىك تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن بىخەتەرلىك يول تەكشۈرۈش خىزمىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ جېنى، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. پونكىتتىكىلەرنى باشلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىدى. يېزىمۇيېزا، كەنتمۇ كەنت ئارىلاپ، ئائىلىمۇ ئائىلە كىرىپ بىخەتەرلىككە ئائىت سىياسەت، فاكچېنلارنى تەشۋىق قىلدى.ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىك قائىدىسى ۋە قاتناش بىخەتەرلىكى قائىدىسى توغرىسىدا 10 قېتىم لېكسىيە سۆزلەپ، كۆچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. «قانلىق ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىڭ» ناملىق نەق مەيداندىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت تەشۋىقات تاختىسى ئىشلەپ، ئۇنى 14 يېزا ـ مەيدان، فېرمىغا، 67 مەمۇرىي كەنتكە ئاپىرىپ كۆرگەزمە قىلىپ، شوپۇر، مەشغۇلاتچى ھەم ئاممىنى تەربىيىگە ئىگە قىلدى. ئۇ نازارەتچى خادىملار بىلەن بىرلىكتە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، 181 قېتىم تۈرلۈك تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ باردى ھەمدە بىخەتەر مەشغۇلات قىلىش قائىدىسىگە دائىر 7594 پارچە ماتېرىيال تارقاتتى. ئۇ پەقەت ئۆتكەن يىلىلا 977 تراكتور، كومبايىن ۋە 664 تراكتور شوپۇرىنى تەكشۈرۈپ، ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ تېخنىكا ھالىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. يىللىق تەكشۈرۈش، نومۇر تاختا ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا، دېھقانلارغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە، بىخەتەر مەشغۇلات قىلىشقا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەرقايسى يېزا، مەيدانلارنىڭ ئەمەلىي شەرت ـ شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. 150 كىچىك تۆت چاقلىق تراكتورغا يەل تورمۇز قۇرۇلمىسى، 52 كومبايىنغا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىسىنى تولۇقلاتتى. ئۇ بۇلتۇر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە پارتىيە مەكتىپىدە ئۆگىنىۋاتقان 200 دىن ئارتۇق كەنت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرغا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا» لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ پونكىتنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن «مەدەنىي نازارەت قىلىش، مەدەنىي كۆزنەك بەرپا قىلىش»نىڭ يەنە بىر

يېڭى قەدىمى سۈپىتىدە نازارەتچى خادىملار بىلەن ئورتاق كېڭىشىپ، خادىملارنىڭ خىزمەت ئۇستىلى، ئىش بېجىرىش تەرتىپى، ئىش بېجىرىش ۋاقتى، پاش قىلىنغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى قاتارلىق جەھەتلەردە جەمئىيەتكە 10 تۈرلۈك ۋەدە بەردى ھەمدە خىزمەت تۈزۈمى، ئىش تەرتىپى، ئۆلچەملىك باھا، ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ئىسمى قاتارلىقلارنى ئاشكارىلاپ، پاش قىلىش مەخسۇس تېلېفونى تەسىس قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش خادىملىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىنى ياخشىلىدى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش -باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش» ھەققىدە ۋەكىللەر ئارقىلىق تەكلىپ- پىكىر ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن يول ھەققى ئېلىشتىكى نامۇۋاپىق ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىش» توغرىسىدا تەكلىپ سۇنۇپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى خىزمەت تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يازغان «بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى»، «چارچاشتىن كېلىپ چىقىدىغان ماشىنا ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا 5نى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىدىكى رولى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى گېزىت، رادىئودا ئېلان قىلىنىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ پونكىت خادىملىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ 10 نەچچە يىل جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق ناھىيە تەۋەسىدىكى تراكتورلارنىڭ نومۇر تاختىسى ئېسىپ يول يۈرۈش نىسبىتى %90 كە، تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ پراۋىلىق يول يۈرۈش نىسبىتى %90 كە يەتتى، پونكىت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى 17 قېتىم ئېغىر ھالدىكى تراكتور ئۆرۈلۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 20 نەچچە ئادەم ئۆلۈپ، 50 نەچچە مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلگەن بولسا، پونكىت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى يىلسېرى تۆۋەنلەپ باردى.

### نەپ ئالدىدا

بىزدە «ئىشىڭ ھالال، ئېشىڭ ھالال» دېگەن گەپ بار. بۇ ئابلەت قادىرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە سىڭگەن، ھايات مەنتىقىسىگە ئايلانغان ئەقىدە، ئابلەت قادىر ئاساسىي قاتلامدىكى 20 نەچچە يىللىق خىزمەت جەريانىدا، بولۇپمۇ پونكىت باشلىقى بولغاندىن كېيىن، نالايىق ئىشلارغا كۆپ قېتىم يولۇقتى. ئەمما نەپ ئالدىدا تەمتىرەپ قالمىدى، خۇدىنى يوقاتمىدى ... بۇلتۇر ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، يىراق يول بېسىپ تەكشۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەن ئابلەت قادىر كەچلىك تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۆيىگە ناتونۇش بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئارىدىكى قىسقىغىنا سالام - سەھەتتىن كېيىن، مېھمان بىر تالاي چىرايلىق گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى. ئابلەت قادىرنىڭ كۆڭلىدىن بىر نەرسە كەچتى -دە، مېھمانغا: سىز كىم بولىسىز، مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەن؟ ئېنىق ئېيتىۋېرىڭ، - دېدى. بۇ گەپتىن كېيىن مېھمان ئەسلى مۇددىئاسىغا كۆچتى. ئۆزىنىڭ يېقىندىلا بىر تراكتور سېتىۋالغانلىقىنى، شۇڭا تراكتور پراۋىسى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، ئارقىدىنلا 500 يۈەن سېلىنغان كونۋېرتنى «ئاز بولسىمۇ بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم» دەپ ئابلەت قادىرغا ئۇزاتتى. ئابلەت قادىر ئاچچىق كۈلۈپ، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى. ئاندىن ئۇ كىشىگە چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىپ غەيرىي يول بىلەن پراۋا ئېلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن پۇلىنى قولىغا تۇتقۇزغىنىچە ئۇزىتىپ قويدى.

تۇنۇگۇنكى قىران يىگىت - ئابلەت قادىرنىڭ 20 نەچچە يىللىق ھاياتى ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېتىز - داللاردا ئۆتتى. بۈگۈن بولسا ئۇ، چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، چىرايلىرىغا ئىنچىكە سىزىقلار تارتىلغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە ئايلاندى. «مېھنەتنىڭ تېگى راھەت» دېگەندەك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ خىزمەتلىرىگە، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىگە يارىشا ئۇنى شان - شەرەپ تۆرىگە باشلىدى. ئۇ مەسئۇللىقىدىكى پونكىت، ناھىيە، ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش -باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى. ئابلەت قادىرمۇ ئىدارە، ناھىيە ۋە ۋىلايەت تەرىپىدىن «ئۈلگىلىك خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار نازارەتچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. شۇنداق، سىز خەلققە بىرتال گۈل سۇنسىڭىز، خەلق سىزنى گۈل - چېچەككە چۆمكۈۋېتىدۇ. بۇ ھاياتنىڭ مەنتىقىسى. (04)

# «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىدىكى بىر تەرەققىيات

رىزۋان نىياز



1981-يىلى 7-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلغاندا «شىنجاڭدىكى خەنزۇ كادىرلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ئايرىلغاندا شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ، دېگەن توغرا قاراشنى تىكلەش، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ خەنزۇ كادىرلاردىن ئايرىلغاندا شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ، دېگەن توغرا قاراشنى تىكلەش لازىم» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى، بۇ قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەنلا شىنجاڭدىكى جۇملىدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى. كېيىن بۇ سۆز تەرەققىي قىلىپ «ئىككى ئايرىلالماسلىق» دەپ ئاتالدى. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» كۆز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى (دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ۋە تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ توغرا، ئىلمىي يەكۈندۇر. بۇ ئىلمىي قاراشنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تونۇپ يېتىش مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ۋە مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ماركس پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى ۋە تارىخىي ۋەزىپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ، ھەممە مىللەت باراۋەر بولۇشىنى، مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، مىللەتلەر زىچ ئىتتىپاقلاشقان، بىر-بىرىنى قوللىغان، ئۆزئارا ياردەم بەرگەندىلا ئاندىن ئۇلۇغ كۈچكە ئايلىنىپ، جاھانگىرلارنىڭ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، گۈللىنىشكە قاراپ ماڭغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. لېنىنمۇ «بىر دۆلەتتە مىللەتلەرنى ئايرىۋېتىش زىيانلىق، بىزنىڭ مەقسىتىمىز مىللەتلەرنى ئايرىۋېتىش ئەمەس، ئۇلارنىڭ باراۋەرلىكى ۋە شىۋىتسارىيىگە ئوخشاش ئىناق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ تەشەببۇس-بايانلار جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي مەسىلە بىلەن مىللىي مەسىلىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بەردى. پرولېتارىيات پارتىيىسىنى مىللىي مۇناسىۋەتكە توغرا قاراش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ نەزەرىيىۋى قورالى بىلەن تەمىن ئەتتى.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇ-

يان، دۇنيادىكى بىر قانچە كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى مىللەتلەرنىڭ ئىناق، دوستانە، ئىتتىپاق ئۆتۈش ـ ئۆتمەسلىكى شۇ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، شۇ مىللەتلەرنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپتىنمۇ ئىسپاتلىدى.

دەرۋەقە، تارىخىي شارائىت ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ماركسىزم ئاساسلىرىدىن ھەممە دۆلەتتىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى كونكرېت بايان قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى ھەرقايسى ئەللەر ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىش قىلغاندىلا، ئاندىن ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. خېلى بۇرۇنلا ھەرقايسى مىللەتلەر زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى بىرلىكتە ئاچقان، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق تۆھپە قوشقان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا ئېلىم ـ بېرىم قىلىشىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا دوستانە باردى ـ كەلدى قىلىپ، ھەمكارلىشىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە ئىگىلىكىنى بىرلىكتە ياراتقان.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا، ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ۋەتەننى مۇستەقىل، مىللەتنى ئازاد قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بىرلىكتە قۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بىكار قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇردى، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تىكلىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇھىم ئالامەتلىرىنى پارتىيىمىز خېلى بۇرۇنلا نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن يىغىنچاقلىغان ئىدى.

يولداش ماۋزېدۇڭ «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يولداش جوۋئېنلەي مۇنداق دېگەن: «ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز دەيدىكەنمىز يالغۇز خەنزۇلارغىلا تايانساق بولمايدۇ، قېرىنداش مىللەتلەرمۇ خەنزۇلارنىڭ ياردىمى بولمىسا ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلالمايدۇ». بۇ ماركسىزملىق توغرا ھۆكۈمگە ئاساسەن، پارتىيىمىز بىر يۈرۈش توغرا مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، غەلىبىسىرى ئالغا قاراپ ماڭدى. ھەم مىللەتلەرنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بەزى مىللەتلەرنى ھەتتا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن بىر يولىلا سوتسىيالىزمغا ئۆتكۈزدى، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى سىياسەتلىرى ئەمەلىيەتتە خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۆش بىلەن قاننىڭ مۇناسىۋىتىدەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈردى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىغا تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىمىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەنىمۇ يەكۈنلەش ئاساسىدا كەڭ كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» نۇقتىئىنەزەرىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە شۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، پۈتكۈل مىللەتلەر خىزمىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

1. ئېلىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. بىزنى تارىخىي تەجرىبىلەرنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ يەكۈنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى ئومۇمەن مۇنداق ئىككى

خىل ئەھۋالدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ: بىرى، ئىناق ئۆتۈش، دوستانە باردى ـ كەلدى قىلىش، يەنە بىرى ئۆزئارا قارشىلىشىش، باردى ـ كەلدى قىلىشماسلىق. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن مىللەتلەر دوستانە، ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتكەندە، جەمئىيەت خاتىرجەم، ھەر مىللەت خەلقى شاد ـ خۇرام، سائادەتمەن بولغان، مىللەتلەر ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرا قىلىشقاندا، ھەر مىللەت خەلقى دەرد ـ ئەلەم تارتقان، سەرسان بولغان. مانا بۇ ـ تارىخنىڭ يەكۈنى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىتتىپاقلىق ھەممە مىللەتكە پايدىلىق، ئايرىلىش ھەممە مىللەتكە زىيانلىق.

2. بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە تېخىمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى شارائىت ۋە ئاساس ھازىرلاپ بەردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. گەپ قانداق قىلىپ قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى دۆلىتىمىزدە ئاساسەن چوڭ خەنزۇچىلىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، چوڭ خەنزۇچىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدۇ، ئۇلاردىن ئايرىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، يەرلىك مىللەتچىلىك، بېكىنمىچىلىك قىلىدۇ، باشقىلارنى چەتكە قاقىدۇ، ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

3. بىزنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، چېگرا رايونىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشقا تېخىمۇ ئوبدان يېتەكلىدى. تارىخىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، پسىخىك سۈپەتكە ئوخشاش ئامىللار تۈپەيلىدىن ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر خېلى بۇرۇنلا جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنى تەشكىل قىلغان. پارتىيە رەھبەرلىكى، بەخت ـ سائادەت توغرىسىدىكى ئىستەك ھەر قايسى مىللەتلەرنى تېخىمۇ تەقدىرداش، ھەمنەپەس قىلىپ، ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى.

بۇ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. روشەنكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلماس مۇناسىۋەتنى تولۇق تونۇتقاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاسراش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەقسەتنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

4. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرۈشىمىزگە كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلدى. تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دۆلىتىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇل تاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىزكى، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش ـ سوتسىيالىستىك ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۈچ مەنبەسىدۇر.

قىسقىسى، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى ماركسىزمنى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، مىللەتلەرنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىشقا قاراپ مېڭىشىغا نۇرلۇق ماياك بولۇپ، ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى خەزىنىسىنى بېيىتتى. (04)

ئەنۋەر ئىلى فوتوسى



## ئوت كەتكەندە......

بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا كىمە كەنت 4 ـ مەھەللىسىدىكى تۇمۇرقادىرنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ، 4 ئېغىز ئېغىل قوتان، ئوت سامانلىرى ۋە چارۋا ماللىرى خەۋپ ئىچىدە قالدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يېزىلىق بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىدىكى نۇر مەھەممەت ئابلىز 14 نەپەر خەلق ئەسكىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئوت بىلەن جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق، ئاخىرى ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭ 6000 يۈەن قىممىتىدىكى مال مۈلكىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالدى. (07)

ياسىن تاھىر



## پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش ماھىرى

پوسكام ناھىيە ئاختام يېزا قولتوغ ئېرىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇننىياز قاۋۇز تۇرلۇك پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ، دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلىدى، نەتىجىدە دېھقانلار كۆكتات تېرىپ، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مېۋىلىك باغ ئەمىيا قىلىپ،ئائىلە ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇردى، تۇرسۇننىياز قاۋۇز 1994 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزا تەۋسىدىكى تاشلىنىپ قالغان ساسلىق، ساي بويىدىن 300 مو ئۈنۈمسىز يەرنى ھۆددە ئېلىپ سالا ئېتىزغا ئايلاندۇرۇپ كېۋەز، بۇغداي تېرىپ، مول ـ ھوسۇل ئېلىپ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇردى. ئۇ يەنە 1995 ـ يىلى 120 مىڭ يۈەنگە بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ ئىشقا كىرىشتۈرگەنىدى، شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇ كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ يەر ھەيدىش، بىنام يەر ئېچىپ تۈزلەش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ مۇۋاپىق ھەق ئېلىپ، ئائىلىسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنى 320 مىڭ يۈەندىن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمىنى 15 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى. (07)

تۇرسۇن راخمان



## پۇل - مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى تۆھپىكار

گۇما ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، كومپارتىيە ئەزاسى ساھىپجامال ئەمەت سىياسىي ۋە كەسپىي ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇن ـ تىنسىز باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پۇل ـ مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا بېغىشلىدى. ئۇ تىجارەت بۆلۈمىگە چۈشۈرۈلگەن 1998 ـ يىللىق ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، مۇئامىلىدارلارغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، ئامانەت قويىدىغان ئورۇن، شەخسلەرنى كۆپەيتتى. ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى كىشى بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. نەتىجىدە تىجارەت بۆلۈمىنىڭ ئامانەت قالدۇقى بارغانسېرى كۆپەيدى. 1998 ـ يىلى 44 مىليون 579 مىڭ يۈەن ئامانەت توپلىنىپ، يىللىق ۋەزىپە 5 مىليون 379 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە 50 مىليون 782 مىڭ يۈەن ئامانەت توپلىنىپ، ۋەزىپە 5 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، ئامانەت توپلانغان پۇل تىجارەت بۆلۈمىدىكى ھەربىر كادىرغا 4 مىليون 617 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى. (07)

ئابلىمىت مۇھەممەت

## پىلانلىق تۇغۇت سېپىدىكى تۆھپىكار



يوپۇرغا نامىيە تېرىم يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى كومپارتىيە ئەزاسى رورىگۈل تۇرەك بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولغاندىن بۇيان كەنت ـ مەھەللە، ئىدارە، يونكىتلارغىچە بېرىپ، بىر تەرەپتىن نوپۇس ئەھۋالىنى تەكشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ ئاممىغا دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تۈزۈمىدىكى سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇ ھەرقايسى كەنت، ئىدارە ـ يونكىتلار مەھەللە ـ گورۇپپىلاردىن 24 نەپەر پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات خادىمى 69 نەپەر دورا تارقاتقۇچى تەربىيىلەپ چىقتى. قەرەلسىز ھالدا كۇرس ئېچىپ يېزا تەۋەسىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. 13 كەنت 80 ئىدارە ـ يونكىت، 69 مەھەللە، 3024 ئائىلە بىلەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بويىچە مۇكاپاتلاش، جازالاش ئېنىق بولغان مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، ئۇنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈردى. ئۇ يەنە باشقىلار پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش مەقسىتىدە كۆرسەتكۈچ تەلەپ قىلىپ خۇپىيانە سۇنغۇتقان 5000 يۈەن پارىنى قەتئىي رەت قىلدى. (07)

تۇرغۇنجان ئابلا

## سەھىيە سېپىدىكى ياش تۆھپىكار



قۇمۇل تۆمۈريول دوختۇرخانىسى ھازىرقى زامان مىدىنىسىنا بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى، كومپارتىيە ئەزاسى زۆلپىيە قاھار خىزمەتكە قاتناشقان 6 يىلدىن بۇيان تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىستىلغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، جان ـ دىل بىلەن ھەر مىللەت بىمارلىرى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ، سىلىق مۇئامىلىسى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى شەرەپ بىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتى ئارقىلىق بىمارلار ۋە ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 60 مىڭ ئادەم قېتىم بىمارنى داۋالىدى، 16 ئائىلە كېچىك كارۋىتى تەسىس قىلىپ، بىمارلار ئۈچۈن 1000 سائەتتىن ئارتۇق دەم ئېلىش ۋاقتىنى قۇربان قىلدى.

زۆلپىيە قاھار يۇقىرىدىكى نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. (07)

## ئۇنىڭ بارار جايى تۈرمە بولدى



قۇمۇل شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى لى بىڭيەن پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، 1994 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇندىن 12 قېتىمدا 30 مىڭ يۈەن نەق پۇل ھەمدە قىممىتى 800 يۈەنلىك نەرسە ـ كېرەك قوبۇل قىلغان.

قۇمۇل شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى قىلمىشىغا ئاساسەن، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بەردى، شۇنداقلا ئۇنى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. (07)

# رەھبەرىي كادىرلار پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە ياخشى ئۈلگە بولۇپ ئۈلگە تىكلىشى كېرەك

ئەكبەر تۇرسۇنتاي

باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان رەھبەرىي كادىرلار ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش تەلپى بويىچە، ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. بۇنىڭ ئىچىدىكى توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پاك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەربىيىسى رەھبەرىي كادىرلاردىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە ئەستايىدىل كۆرسىتىپ، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشنى، ئامما بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈشنى، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىشنى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشتەك تۈرلۈك چىرىك ھادىسىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

رەھبەرىي كادىرلار ئۆز ئورۇنلىرىدا ئالاھىدە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا ئۇلار ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىغا ۋە ئۈنۈملۈك تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، پاك، دۇرۇس، ئادىل، تەلەپچان، ئىختىساتچىل بولۇشتەك ياخشى ئوبرازنى تىكلىشى كېرەك. سۇنىڭ بېشى سۈزۈك بولسا ئاخىرىمۇ سۈزۈك بولىدۇ دېگەندەك، رەھبەرىي كادىرلار بۇ جەھەتتە تەلەپچان بولۇپ، ئۆزلىرىگە چاڭ قوندۇرمىسىلا، باشقىلارغا ۋە تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇش رولىنى ئوينىيالايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە ياخشى ئوبراز تىكلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

رەھبەرىي كادىرلار پاك-دىيانەتلىك ئەمەلدار، ھەققانىي، دۇرۇس ئادەم بولۇشى كېرەك. بۇ ئۇلارغا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ. ھازىر، ناھايىتى ئاز ساندىكى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ «سالاپەت»ئۆستىدىكى ئىزدىنىشى پەزىلەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار سىرتقى كۆرۈنۈشنى بېزەشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، قەلبىنى زىننەتلەشكە سەل قارايدىغان بولۇپ قالدى؛ ئۇلار مەنپەئەتنى دەپ ئىنساپتىن، كىشىلىك غۇرۇرىدىن ھەتتا پارتىيىۋىلىك مەيدانىدىن كېچىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى بۇ قېتىمقى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىنى تۇرتكە ۋە بىر قېتىملىق ئەمەلىي سىناق، پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل، جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى قايتا تونۇش، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش، ئۆزىنى ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزلىرىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى، يېتەرسىزلىكلەرنى دادىل تېپىپ چىقىپ، «تەنقىد، ئۆز ئۆزىنى تەنقىد»قورالىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ تۈزىتىش، ھەل قىلىش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەپ ۋە ئەۋج ئالدۇرۇپ، پاك، دۇرۇس، ئالىيجاناب، خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغۇدەك

ئوبراز يارىتىشتا. بۇنىڭ ئۈچۈن رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىۋىلىك مەيدانىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ھەر ۋاقىت پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى قىلىشى، چاكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇشى، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشى ۋە ماھىر بولۇشى، سىياسىي، ئىدىيە ۋە تۇرمۇش جەھەتتە چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرىدىغان مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيىسى شەكىللەندۇرۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي مەزگۇرلۇكىنى، جەسۇرانە قىياپىتىنى مەڭگۇ ساقلىشى كېرەك.

باش شۇجى جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنى: مەن كوممۇنىستلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى ئاڭلىق ھالدا راسا ئەۋج ئالدۇرۇپ، بەزى جايلاردا يامراپ كەتكەن بۇزۇپ-چېچىش، ئىسراپخورلۇق قىلىش شامىلىغا تاقابىل تۇرۇشىنى، ھەشەمەتلىك كۆڭۈل ئېچىشلارغا قاتناشماسلىقنى، چاكىنا، چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە تېخىمۇ ئىزدەنمەسلىكىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك، تەلەپچان بولۇشى جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك، تەلەپچان بولۇشى شەخسنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، ئىستىل، ساپا مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىيغا، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. بۇ رەھبىرىي كادىرلاردىن نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ: بىرىنچى، ھوقۇقتا توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى. بۇنىڭدا ھوقۇقنى پارتىيە ۋە خەلق بەرگەنلىكىنى، ئۇنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقىلا ئىشلىتىپ، ھەرگىز شەخس نەپ ئالدىغان قورال قىلىۋالماسلىق كېرەكلىكىنى ئېنىق تونۇۋېلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، نەتىجىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى. بۇنىڭدا ئاممىنىڭ بارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئاساسىي كۈچ ئىكەنلىكىنى، شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىسىنىڭ دېڭىزدىكى بىر تامچە سۇغا ئوخشاش كۆز-كۆز قىلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، نام-مەنپەئەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى. بۇنىڭدا ئورۇن، مەرتىۋە تالىشىپ، ھەددەپ ئۆزىنى كۆپتۈرۈش، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن ساختىپەزلىك قىلىشنىڭ نومۇسسىزلىق، پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، ئەمەلىي نەتىجە يارىتىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى ئەڭ كاتتا شەرەپ، ئىنئامغا ئېرىشكەنلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇۋېلىش كېرەك؛ تۆتىنچى، تەمىناتقا توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى.بۇنىڭدا «ھەممىدىن ئاۋۋال خەلقنىڭ دەردىنى ئويلىغىن، ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ بەختىنى» دېگەندەك، ئالدى بىلەن ئاۋامنىڭ ھال-مۇڭىغا يېتىش، ئۆزىنىڭ ئاۋامنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن قانچىلىك جان كۆيدۈرگەنلىكىنى دەڭسەپ كۆرۈش، ئاندىن كەچكىچە ئۆزىنىڭ ئېرىشكىنىنىڭ بەك ئاز بولۇپ قالغانلىقىدىنلا ئاغرىنىپ يۈرمەسلىك، خالىسانە تۆھپە قوشۇش روھىنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا تېخىمۇ جۇشقۇن ياڭرىتىشقا ئەرزىيدىغان مەردانە مىلودىيە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەك؛بەشىنچى، نازارەتچىلىككە توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى. بۇنىڭدا خەلق ئاممىسىنىڭ، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنىڭ نازارىتى ۋە چەكلەپ تۇرۇشىدىن مۇستەسنا بولغان ھوقۇق-ئىمتىيازنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلغاندىلا ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈپ، سەۋەنلىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «خەلقنىڭ چاكىرى»لىق ئوبرازى تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ. (04)

# شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدا

يۈسۈپجان ھەمدۇل

ھازىر شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكىسى، باشقۇرۇشى قالاق بولۇپ، ئاساسەن شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۈچلۈك كارخانىلارنىڭ كەسكىن رىقابىتىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ئېلىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى بۇ خىل ۋەزىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئىگىلىك تەرەققىياتى ئارقىدا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدەك بىر رايوندىكى كارخانىلاردا ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىيات قارشىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى كارخانا ھايات-ماماتىغا ھەم پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك تەرەققىيات ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك. تۆۋەندە مەن شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1. كارخانا باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى** كارخانا باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش-نۆۋەتتىكى ئىگىلىك تەرەققىياتنى ئاساس قىلىپ، ئىلمىي ئىدىيە، ئىلمىي نەزەرىيە ۋە زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشنى، ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش-باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى، تەشكىلىي قۇرۇلمىنى، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى، باشقۇرۇش ۋاستىسىنى ۋە كارخانا ئىچى-سىرتىدىكى خادىملارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**2. كارخانا گۇرۇھى قۇرۇش ئىستراتېگىيىسى** پۈتكۈل دۇنيا ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا غالىبلار مۇتلەق غالىب بولىدىغان، بىر ئىككى كارخانا كەسىپلەر بويىچە مونوپول قىلىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. ۋاھالەنكى رايونىمىزدىكى كارخانىلار ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كارخانىلارنىڭ كۆلىمى ئومۇمىيۈزلۈك كىچىك، ئەمەلىي كۈچى ئاجىز، رىقابەت ئىقتىدارى تۆۋەن، بۇنداق ھالەت بىلەن كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمى تېز بولۇۋاتقان بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ماسلاشقىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش، كارخانا بايلىقلىرىنىڭ ئىلمىي، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە، كەسىپ ئۈستۈنلۈككە ۋە رىقابەت ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭ كارخانىلىرى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياستى بويىچە كارخانىلارنى ھۆددىگە ئېلىش، ئىجارىگە ئېلىش، قوشۇۋېلىش، پاي قوشۇش، بىرلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چوڭ تىپتىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنى قۇرۇش كېرەك. كونكرېت شەكىل جەھەتتە، ئەمەلىي كۈچى ئوخشاش كارخانىلاردىن تەشكىللەشكىمۇ، تايانچ كارخانىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە باشقا كارخانىلارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق تەشكىللەشكىمۇ، شەھەرلەردىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپلىق كارخانىلارنى تايانچ قىلىپ يېزا بازارلاردىكى كارخانىلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەشكىللەشكىمۇ، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان ئىچكىرى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى داڭلىق كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ كارخانا گۇرۇھى تەشكىللەشكىمۇ بولىدۇ.

**3. يېشىل، يېڭى، داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ئىستراتېگىيىسى** يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە شىنجاڭ كارخانىلىرى ئەسلىدىكى «مىقدار قوغلىشىش»تىن ئىبارەت مەھسۇلات ئىستراتېگىيىسىنى تېزلىكتە «يېشىللىق ۋە سۈپەت قوغلىشىش» ئىستراتېگىيىسىگە ئۆزگەرتىشى كېرەك. بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك: (1) يېشىل ئىستېمالنى چىقىش قىلىپ يېشىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېشىللىنىش دۇنيادىكى ئومۇمىي ئېقىم، ئەپسۇسكى، رايونىمىزدا كىشىلەرنىڭ يېشىللىققا بولغان تونۇشى تۆۋەن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا، شۇڭا شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ يېشىل ماركىتېڭ ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، يېشىل مەھسۇلات يارىتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى ھازىرقى دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپى، شۇنىڭدەك ئىزچىل تەرەققىي قىلىشنىڭ مۇھىم يولى. (2) دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنى پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارغا، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ۋە نەپىس پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارغا تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. (3) ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك سانائىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، كاپىتال ۋە تېخنىكىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان نېفىت، كۆمۈر، تۇز قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرىنى، يۇقىرى تېخنىكىلىق ۋە يېڭى مەھسۇلات-

لارنى، داڭلىق ۋە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. (4) بىر تۈركۈم داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. تا ھازىرغىچە شىنجاڭ كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان دۇنياۋى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارغۇ يوق، مەملىكەتكە تونۇلغان داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارمۇ يوق دېيەرلىك. رايونىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە خېلى چىرايلىق ناملىرى بار، ئالايلۇق، «بايلىق رايونى» دېگەن نامى بار، ئەمما شۇ بايلىقتىن ئىشلەنگەن داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتىمىز يوق؛ «مۇھىم چارۋىچىلىق رايونى» دېگەن نامى بار، ئەمما چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتىمىز يوق؛ «مېۋە-چېۋە ماكانى» دېگەن نامى بار، ئەمما مېۋە-چېۋىدىن ئىشلەنگەن داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتىمىز يوق. شۇڭا داڭلىق ماركىلىق، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ جىددىي تەلىپى بولۇپ، ئۇنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە مۇمكىنچىلىكىمۇ خېلى چوڭ.

**4. كۆپ مەنبەلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى** بازار رىقابىتى كەسكىن، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى تېز، مەھسۇلات ئۆمرى قىسقا بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىر تۈرلۈك مەھسۇلات (ياكى كەسىپ) كىلا ئېسىلىۋېلىش بەكمۇ خەتەرلىك. شۇڭا كۆپ مەنبەلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنىڭدا بازار ئېھتىياجىنى مەركەز قىلىپ مەھسۇلات تۈرىنى كۆپەيتىشكىمۇ، ياكى شۇ بازار ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ يېڭى كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ ۋە ياكى باشقا بازار ئېھتىياجلىرىنى نىشانلىق بازار قىلىپ تاللاپ، باشقا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ياكى باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، سېلىنما خېيىمخەتىرىنى تارقاقلاشتۇرۇغىلى؛ ئىككىنچىدىن، تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات ساھەسىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن كارخانىلار، ئالايلۇق توشىبا، خىتاچى، شىمېنزى، فىلىپ قاتارلىق كارخانىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى قوللانغان. كۆپ مەنبەلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ بازار دائىرىسىنى، مەھسۇلات تۈرىنى، كەسىپ تۈرىنى ياكى تىجارەت دائىرىسىنى قارىغۇلارچە كېڭەيتىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە بازار ئېھتىياجى ئەھۋالى، مۇھىت ئەھۋالى، كارخانا بايلىق شارائىتى، كارخانا نىشانى، خېيىمخەتەر ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق نەزەرگە ئېلىش كېرەك. شىنجاڭ كارخانىلىرى بۇ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى قوللانغاندا مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك: (1) ئەسلىدىكى ئاساسىي كەسىپ يۈزلىنىشىنى يېڭىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك. كارخانا مەھسۇلاتىنىڭ كەسىپ يۈزلىنىشى كارخانا مۇددىئاسىنىڭ ۋە قىياپىتىنىڭ نامايەندىسى، كارخانا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، كارخانا تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىنىڭ ۋە توپ مەنپەئەتىنىڭ ئاساسى. شۇڭا جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولۇش، ئىقتىسادچان ھەم مۇۋاپىق بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-سەنئىتى يېقىن بولۇش، خەتىرى ئاز، پايدىسى كۆپ بولۇش، ئىلمىي تەكشۈرۈلگەن بولۇش دېگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ھەم كەسىپلەشكەن، ھەم كۆلەملەشكەن كارخانا ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرىدىغان مەھسۇلات ۋە كەسىپ تۈرلىرىنى تاللاپ، كارخانا مۇلازىمەت دائىرىسىنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتىش كېرەك. ھەرگىزمۇ باشقىلارنى دوراپ ئىش كۆرمەسلىك، باس-باس بازارلارنى قارىغۇلارچە قوغلاشماسلىق كېرەك. (2) پەۋقۇلئاددە دەۋر ئىلگىرىلىكى بولغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بازارلارنى تېزلىكتە ئىگىلەش كېرەك. (3) يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش رىتىمىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**5. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئىستراتېگىيەسى** قوپال ئېشىش شەكلىنى تۈجۈپىلىك ئېشىش شەكلىگە ئۆزگەرتىش — مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى تۈپ ئۆزگەرتىش» نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشنىڭ ماددىي ئاساسى. قوپال ئېشىش شەكلى دېگىنىمىز، ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا، يەنى ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ، مالىيە كۈچى قاتارلىقلارنى كېڭەيتىشكە تايىنىپ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى ئىپادىسى سېلىنما، سەرپىيات يۇقىرى بولۇش، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇشتىن ئىبارەت. تۈجۈپىلىك ئېشىش شەكلى دېگىنىمىز، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىپ تىجارەت ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كارخانىلار ئاساسلىقى كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشى، مەھسۇلاتنىڭ پەن-تېخنىكىلىق تەركىبىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. (06)

(ئاپتۇر شىنجاڭ مالىيە-ئىقتىساد ئىنستىتوتى بازار فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدۇ)



# «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» سىياسىتىنىڭ تارىخىي رېئاللىقى ۋە مۇقەررەرلىكى

ھەببە ئابدۇللا

بىز «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» دېگەن بۇ ئاتالمىغا مۇنداقلا قاراپ، بۇ، «بىر دۆلەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تۈزۈمنى بىرلا ۋاقىتتا يولغا قويۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەت» دەپ چۈشىنىپ قالىمىز. گەرچە بىزنىڭ بۇ چۈشەنچىمىزنى تامامەن خاتا دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنى يەنە تامامەن توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر نەچچە مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» سىياسىتىنىڭ قاراتمىلىقىنى توغرا ئىگىلەش، ئاساسىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرىنى مۇجمەللەشتۈرمەسلىك ۋە ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ سالمىقىنى ياخشى پەرقلەندۈرۈش قاتارلىقلار. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» سىياسىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرىدا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، ئاز بىر قىسىم رايونلىرىدا كاپىتالىزم تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يەنى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن رايونلىرىدا كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ھەمدە كاپىتالىزم تۈزۈمىگە خاس تۇرمۇش شەكىللىرىنى يەنە بىر مەزگىلگىچە ساقلاپ قېلىش. ئەمما بۇ رايونلارنىڭ ھۆكۈمىتى ئىلگىرىكى تەۋەلىك ھۆكۈمەت مۇناسىۋىتىدە ئەمەس، ئەكسىچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ياكى يەرلىك ھۆكۈمىتى بولۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا سېلىشتا، دۆلىتىمىز بىرىنچىدىن، تارىختا، رېئاللىققا ھۆرمەت قىلدى: ئىككىنچىدىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلدى. شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى. ئەمما 1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيە جۇڭگو چىڭ ھۆكۈمىتىنى قىستاش ئارقىلىق ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «نەنجىن شەرتنامىسى»، «جۇڭگو ـ ئەنگلىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» ۋە «شياڭگاڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىش مەخسۇس كېلىشىمى» قاتارلىق ئۈچ تەڭسىز شەرتنامىگە ئىمزا قويدۇرۇپ، شياڭگاڭ بىلەن جيۇلۇڭنى ھەمدە شېنجېن

دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە دەريا ئېتراپىدىكى كۆلىمى تەخمىنەن 1000 كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن كېلىدىغان 230 نەچچە ئارالنى 99 يىللىق ئىجارىگە ئېلىۋالغان. جۇڭگو خەلقى بۇ شەرتنامىنى ئىزچىل ھالدا قانۇنسىز دەپ قاراپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى جۇڭگونىڭ ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ مەسىلىسىنى مۇۋاپىق پەيتتە سۆھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىجارە مۆھلىتىنىڭ توگەشكە يۈزلىنىشى بىلەن دۆلىتىمىز شياڭگاڭغا نىسبەتەن يۇكسەك ئاپتونومىيە بېرىش، شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار باشقۇرۇش ۋە كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە ئۇنى 50 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكتىن ئىبارەت ئالاھىدە سىياسەت قوللاندى ۋە ئاخىر يەنى 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاۋمېن شياڭگاڭنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاۋمېن يېرىم ئارىلى بىلەن لوخوەن ئارىلىدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15 . 51 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1553 ـ يىلى پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىلغار دېڭىز ـ ئوكيان تېخنىكىسىغا تايىنىپ يىراق ئوكيانلارنى ئاتلاپ جۇڭگوغا كەلگەن. ئۇلار ماللىرىنى ئاپتاپقا سېلىۋېلىش باھانىسى بىلەن ئاۋمېنغا كىرىشنى تەلەپ قىلغان. 1840 ـ يىلى ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ مەغلۇبىيەتلىك ھالىتىدىن پايدىلىنىپ زېمىنىنى كېڭەيتمەكچى بولغان. 1887 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتىنى «جۇڭگو ـ پورتۇگالىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا قىستاپ، ئاۋمېننى مۇستەملىكە قىلىۋالغان. 1979 ـ يىلى جۇڭگو پورتۇگالىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن باشلاپ، دۆلىتىمىز ئاۋمېننى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئىككى دۆلەت «ئاۋمېن مەسىلىسى ھەققىدىكى قوشما بايانات»قا ئىمزا قويدى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاۋمېنغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى جاكارلاندى. دۆلىتىمىز ئاۋمېنغا نىسبەتەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى قۇرۇش، ئاۋمېندا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملەرنى ۋە ئادەتلەشكەن تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەرتمەسلىك، يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلارنى ئاساسەن ئۆزگەرتمەسلىك قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان 12 تۈرلۈك توپ سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنىڭ 50 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

تەيۋەن فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، تەيۋەن ئارىلى، پېڭخۇ تاقىم ئارىلى ۋە بېلىقچى ئارال قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەيۋەن ئارىلىنىڭ يەر كۆلىمىلا 35 مىڭ 780 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ «گۆھەر»ئارال دېيىدىغان نامى بار. تەيۋەن ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى بولۇپ، تارىختا جىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن جاي. ئۇ، 1949 ـ يىلى گومىنداڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن چېكىنىپ بېرىپ ئىگىلىۋالغاندىن باشلاپ چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلىپ تۇردى، ئارىدىكى بېرىش ـ كېلىشلەر توختاپ قېلىپ، دۆلەت ۋە خەلققە زور زىيان بولدى. نەچچە 10 يىلدىن بېرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقى ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. 1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى رەسمىي تۇرغۇزۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا دۆلەت بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن تەيۋەننى ئالاھىدە مەمۇرىي رايون قىلىشقا، يۇكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىشكە، ھەربىي قىسمىنى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ؛ نۆۋەتتە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم، تۇرمۇش شەكلى، چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئۆزگەرمەيدۇ؛ تەيۋەن دائىرىلىرى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ۋەكىللىك زاتلار مەملىكەت خاراكتېرىدىكى سىياسىي ئاپپاراتلاردا ۋەزىپە ئۆتەشكە، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا بولىدۇ؛ تەيۋەن يەرلىك مالىيىسى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەھۋالغا قاراپ ياردەم بېرىدۇ...... دېيىلگەن. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدە بىر قاتار مول ئىجادىي سىياسەت تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بولۇپمۇ 60 ـ يىللاردىن باشلانغان پەن ـ تېخنىكىنىڭ تېز سۈرئەتتىكى راۋاجى ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئەل ۋە رايونلارنىڭ تىنچ بىللە ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. پەن ـ تېخنىكا ۋە سودا جەھەتتىكى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. بىرلىككە كەلگەن دۇنيا بازىرى ئوخشىمىغان تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈردى. قايناق ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسى ۋە پەن ـ تېخنىكا كىرگۈزۈش پائالىيىتى كاپىتالىزمنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىز-

مەت قىلدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بىزنىڭ
شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن رايونلىرىدا كاپىتالىزم تۈزۈمىنى
داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىمىز بۇ رايونلار ئارقىلىق چەت ئەل
مەبلىغى كىرگۈزۈشكە، تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆ-
لەتلەرنىڭ تېخنىكا ۋە ئاخباراتلىرىدىن پايدىلىنىشقا، كاپى-
تالىزم دۇنياسىنى كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ،ئۇنىڭدىكى
ئىلغار تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىشقا ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئې-
لىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ،
تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىمىزنى تېزلەشتۈرۈشىمىزگە
پايدىلىق. مانا بۇلار تارىخقا، رېئاللىققا ھۆرمەت قىلغانلىق،
ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دىگەنلىك.

شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا غەلىبىلىك قايتقىنىغا 2
يىلدىن ئاشتى. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە
ئازلا ۋاقىت قالدى. 1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ تەيۋەننىڭ
چوڭ قۇرۇقلۇققا تۇتقان 43 يىللىق قاتمال سىياسىتىدە ئۆز-
گىرىش بارلىققا كەلدى. 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چوڭ قۇرۇق-
لۇقنىڭ ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى ھەمكارلىقى جەمئىيە-
تىنىڭ باشلىقى ۋاڭ داۋخەن تەيۋەن دېڭىز بوغىزى فوندى
جەمئىيىتىنىڭ لېدىرى كۇ جېنپۇ بىلەن سىنگاپوردا ئۇچ-
رىشىپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالماش-
تۇرۇش ۋە ھەمكارلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.
ئىككى قىرغاق يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ 40 نەچچە يىل-
دىن بۇيانقى بۇ تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشى چوڭ قۇ-
رۇقلۇق بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە تارىخىي
خاراكتېرلىك بىر قەدەم بولدى. ئۆتكەن يىل 10 ـ ئايدا كۇ
جېنپۇ چوڭ قۇرۇقلۇققا زىيارەتكە كېلىپ، ۋاڭ داۋخەن بىلەن
قايتا ئۇچراشتى ۋە 4 جەھەتتە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.
دېمەك، «ۋەتەننى تىنچ ىبىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە
ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» فاڭجېنى ئاللىقاچان
تارىخىي رېئاللىققا ئايلاندى ۋە داۋاملىق ئايلانماقتا.

«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» ستى-
راتېگىيىلىك فاڭجېنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە يولغا
قويۇلۇشى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى
بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ سىياسىي
ئاساسىي ۋەتەنپەرۋەرلىك. ۋەھالەنكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك غايەت
زور مەنىۋى كۈچ. ئۇنىڭغا ۋەتەن خەلقىنىڭ ۋەتەنگە بولغان
ئوتلۇق ھېسسىياتى ۋە سۆيۈشى، ھۆرمەت ۋە ئېتىقادى مۇ-
جەسسەملەنگەن. شۇڭا بۇنداق زور مەنىۋى كۈچنى توسۇپ
قېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ۋەتەننى
تېزرەك بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ جانلىق ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى

بولغان «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»
فاڭجېنى تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە. شياڭگاڭنىڭ تىنچ
يول بىلەن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە ئاۋمېن-
نىڭمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلى-
شىنىڭ مۇقىملىشىپ قالغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ
تۇرماقتا. تەيۋەن مەسىلىسىدە گومىنداڭ دائىرىلىرى دەسلەپ
پاسسىۋال قارشىلىشىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، قەتئىي
ئۇچراشماسلىق، قەتئىي سۆھبەت ئۆتكۈزمەسلىك، قەتئىي
مۇرەسسە قىلماسلىقتىن ئىبارەت «ئۈچنى قىلماسلىق» سى-
ياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ سىياسەت تەيۋەن خەل-
قىنىڭ قاتتىق تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرىدى. جامائەت پىكرى-
نىڭ بېسىمى ئاستىدا گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ چوڭ قۇ-
رۇقلۇق سىياسىتىدە ئۆزگىرىش باشلاندى. بولۇپمۇ 1984 ـ
يىلى جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسى
توغرىسىدىكى قوشما باياناتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى تەيۋەنگە
نىسبەتەن زور ئىجابىي ۋە تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتتى.
«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش، ۋەتەننى
تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش» سىياسىتى بارغانسېرى تېخىمۇ
كۆپ كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى.
تەيۋەن خەلقى گومىنداڭ دائىرىلىرىدىن چوڭ قۇرۇقلۇققا
قاراتقان قاتمال سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، پوچتا، سودا ۋە
ئاۋىئاتسىيىدىن ئىبارەت «ئۈچنى ئېچىۋېتىش»نى شۇنداقلا
پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تەنتەربىيىدىن ئىبا-
رەت «تۆتنى ئالماشتۇرۇش»نى تەلەپ قىلدى. مۇشۇنداق ۋە-
زىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى چوڭ قۇ-
رۇقلۇققا قاراتقان سىياسىتىنى قىسمەن تەڭشەشكە مەجبۇر
بولدى. كېيىن تەيۋەن دائىرىلىرى «بىر دۆلەتتە ئىككى
ھۆكۈمەت قۇرۇش»، «ئىككى جۇڭگو» ياكى «بىر جۇڭگو،
بىر تەيۋەن»پەيدا قىلىش، تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىش سى-
ياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، بۇمۇ تەيۋەنلىك قېرىنداش-
لارنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىدى. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا رەئىس
جياڭ زېمىن ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش
مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ
تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك سىياسەتلىرىگە قەتئىي
قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى ۋە 8 تۈرلۈك ئى-
جابىي تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا،
ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش مەيلى خەلق-
نىڭ رايى ياكى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى جەھەتتىن بولسۇن،
توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلاندى. بۇ،
«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» سىياسى-
تىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى يەنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرى-
دۇ. (04)

# «بايرام»لار بەك كۆپ بولۇپ كېتىۋاتامدۇ ـ قانداق؟

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، تۇرسۇن باقى

## كۆرۈپ ئۈلگۈرگىلى بولمايدىغان «بايرام»لار كۆپىيىپ كەتتى

ئەگەر 10 يىلنىڭ ئالدىدا مەلۇم بىر جايدا «بايرام» ئۆتكۈزۈلۈپتۇ دېيىلسە كىشىلەر تولىمۇ يېڭىلىق ھېس قىلىشاتتى، «بايرام»لار كالېنداردىكى كۈنلەردىنمۇ كۆپ بولۇپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ھەر خىل ناملاردىكى تۈرلۈك بايراملار قايتا تىلغا ئېلىنسا، كۆپ ساندىكى پۇقرالار ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بايرام ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان تەركىب ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى بايراملىرى بولىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ باھار بايرىمى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ تاۋۇز چاغىنى، ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى قۇربان ھېيت ۋە رامىزان خاتىرە كۈنلىرى قاتارلىقلار.

بايرام ئىنسانلارنىڭ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، جۇڭگودىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ بار. مەسىلەن، غەرب ئەللىرىنىڭ مىلاد بايرىمى، ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى، گوللاش بايرىمى ۋەھاكازالار.

ۋەھالەنكى، ھازىرقى يەپ-ئىچىدىغان ئۈزۈم بايرىمى، لىجى بايرىمى، قىماق بايرىمى، پىۋا بايراملىرى؛ ئويۇن تاماشا قىلىدىغان لەگلەك ئۇچۇرۇش بايرىمى، ئات چاپتۇرۇش بايرىمى؛ كىيىم كېچەك بايرىمى، بايرام تۈسىنى ئالغان گۈزەللەرنى تاللاش مۇسابىقىلىرى، ئىش قىلىپ مۇمكىن بولسا بولمىسىمۇ زورمۇ زور بەھىلىشىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان «بايرام»لار كۆپىيىپ كەتتى.

## ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن «مەدەنىيەت سەھنە ھازىرلاش، ئىقتىساد رول ئويناش»ھادىسىسى

بۈگۈنكى كۈندە كۆزلەرنى ئالچەكمەن قىلىۋېتىدىغان بايراملارنى بەس بەستە ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقان كۆپ ساندىكى «كەشپىياتچى»لار ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش «مەدەنىيەت سەھنە ھازىرلاش، ئىقتىساد رول ئويناش»كەشپىياتىنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئەسلىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەدەنىيەتنى ۋاستە قىلىپ، ئىقتىساد-سودا ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش دولقۇنى قوزغاش جەمئىيەتكە، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا پايدىلىق ئىش ئىدى. ۋەھالەنكى، ھازىرقى رېئاللىق زادى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

غەربىي جۇڭگودىكى بىر ناھىيىنىڭ مالىيىسى غورىگىل ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندا، ئۇلار مېۋە-چېۋە بايرىمى ئۆتكۈزمەكچى بولغان. ناھىيىنىڭ بىر رەھبىرى ناھىيە بويىچە چاقىرىلغان 3 دەرىجىلىك كادىرلار سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا تۆۋەندە ئولتۇرغانلارغا ھەيۋە قىلغان تەلەپپۇزدا: بۇ قېتىمقى بايرامنى ئۆتكۈزۈشكە كېتىدىغان خىراجەتنى ھەل قىلىشتا ھەرقايسى ئورۇنلار، بولۇپمۇ كارخانىلار سىياسىي نۇقتىدا تۇرۇپ جىددىي ھەم ئىستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك. شۇنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، ناھىيىمىزدىكىلەرنىڭ يۈزى تۆكۈلسە پۈتۈن ۋىلايەتتىكىلەرنىڭ، ۋىلايىتىمىزدىكىلەرنىڭ يۈزى تۆكۈلسە جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈزى چۈشۈپ كەتكەن بىلەن باراۋەر، ئەگەر مەبلەغ مەسىلىسى ئەمەلىيلەشسە، باشقا ئىشلارغا گەپ كەتمەيدۇ، دەپ چالۋاقاپ سۆزلەپ كەتكەن. يەنە بايرام تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ مۇدىرىمۇ ئۇنىڭ «ھېكمەتلىك سۆزى»نى قۇۋۋەتلەپ پەقەت ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، سۇغۇرتا شىركىتى «قان»چىقىرىشنى لايىق تاپسا، ناھىيىلىك مېۋە-چېۋە پونكىتى، شۇنىڭدەك كەنت، مەھەللىلەردىكى خىش-كاھىش زاۋۇتلىرى بۇ ئىشتا بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ بىزگە ھەمدەمدە بولسا، يەنە كېلىپ ئاما «ئىختىيارىي» پۇل ئىئانە قىلىدىغانلا بولسا، بۇنداق بايرامدىن ئىككىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشىمىزگە قىلچە گەپ سىغمايدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ئۈلگۈرگەن. قارىمامسىز، ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولسا، «قان»چىقىرىش-چىقارماسلىق سىياسىي مەيدان مەسىلىسى، قانچىلىك چىقىرىش ھەر بىر ئورۇننىڭ دەسمايىسىگە باغلىق مەسىلە بولۇپ قالامدۇ؟ بۇلارنىڭ قالايمىقان سېلىق سېلىشتىن يەنە نېمە پەرقى بولسۇن؟ ،

مەيلى بايرام ئىجادچىلىرى «مەدەنىيەت سەھنە ھازىرلا-

ش، ئىقتىساد رول ئويناش»دېگەننى قانچىلىك كۆككە كۆتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىقى ئىشلارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇنى مەدەنىيەت سەھنە هازىرلاپ، ئىقتىساد رول ئويناش دېگەندىن كۆرە، «ئىقتىساد سەھنە هازىرلاش، مەدەنىيەت رول ئويناش»دېيىش تېخىمۇ ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ.

## بايرام ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئەلەملىك كۆز يېشى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان تۈرلۈك «بايرام»لار ئىچىدە، بەزى «بايرام»لار شۇ جايدىكى رەھبەرلەرنىڭ كاللىسىنى مودا قوغلىشىش ۋە شەكىلۋازلىق قىلىشتەك ئىللەتلەر قايمۇقتۇرغانلىق سەۋەبى بىلەن بەسلىشىپ ئۆتكۈزۈلگەندىن باشقا، تىلغا ئالغۇچىلىك باشقا ئاساسى كۆرسىتىش تولىمۇ قىيىن. بەزى جايلاردا بايرام ئۆتكۈزۈش شەرت-شارائىتى قىلچە هازىرلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر ئاماللار بىلەن بايرام ئىجاد قىلىپ، بايرام ئۆتكۈزۈش بىلەن هەلەك بولۇپ يۈرۈشىدۇ. بەزى جايلارغا نەچچىلا چەت ئەللىك مېهمان ئىشتىراك قىلغان بولسىمۇ، ئەتەي «خەلقئارا»، «جۇڭگو»دېگەن ناملار بىلەن بايراملىرىنى بېزەپ يۈرۈشىدۇ. هەتتا چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى چاقىرىپ كەلتۈرەلمىسە، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىدىن نەچچىسىنى چىللاپ كېلىپ، ئۇلارنى چەت ئەللىك مېهمان سۈپىتىدە كۈتۈش ئارقىلىق «بايرام»لىرىنى «خەلقئارا»لىق تۈسكە كىرگۈزۈش كويىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرىدۇ، بەزى جايلار بايراملىرىنىڭ داغدۇغىلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن، بۇ يەرگە كېلىپ تور ئۈستىدە كېڭىشىش، هەمكارلىشىش ئىستىكىدە بولۇۋاتقانلارنىڭ هەممىسىنى كۈتۈش ئىشىنى بايرام مەزگىلىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. چەت ئەللەر بىلەن بولغان بەزى ئىقتىساد -سودا تۈرلىرى ئاللىبۇرۇن سۆهبەت ئارقىلىق بىر ياقلىق قىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئەتەي بايرام مەزگىلى يېتىپ كەلگىچە كېچىكتۈرۈلۈپ، بىر ئوبدان ئىش بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەكسىچە پۇرسەت تېخى يېتىپ كەلمىگەن ياكى شەرت شارائىتى ۋاقتىنچە هازىرلانمىغان بەزى تۈرلەر بايرام مەزگىلىدە زورمۇ زور ئىمزالىنىپ قالغاچقا، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر پۇختا ئىشلەنمىگەچكە يولغا قويغىلى بولماي ئىسراپچىلىق كەلتۈرۈۋاتىدۇ. نەتىجىدە چەت ئەللىك بەزى سودىگەرلەر هەمكارلىشىش مۇددىئاسىدىن ئامالسىز ۋاز كېچىپ باشقا ياقلاردىن ئىشەنچلىك جېرىدار ئىزدەش ئۈچۈن كېتىپ قېلىشىۋاتىدۇ.

مەيلى نېمىلا دېمەيلى، يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلەرگە قارىغاندا خۇبېي ئۆلكىسى جېجياڭ ناهىيىسىدىكى دېهقانلارنى كۆپ تەلەيلىك ئىكەن دېيىشكە بولىدۇ، «دېهقانلار گېزىتى»دە ئاشكارىلىنىشىچە، بىر يىلى جېجياڭ ناهىيىسى ناهىيە بازىرىدا تاۋۇز بايرىمى ئۆتكۈزگەن، نەچچە مىڭ جاپاكەش دېهقان هۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 2000 تراكتورنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرى تېرىغان تاۋۇزلارنى زور ئۈمىد ئىلكىدە كېچىلەپ ناهىيە بازىرىغا ئېلىپ كىرگەن. كېچىچە كوچا دوقمۇشى ۋە يول بويلىرىنى قونالغۇ قىلىپ كىرپىك قاقماي چىققان دېهقانلار ناهىيە بېشىنىڭ ئۆسمۈرلەر پارات ئەترىتى، قورامىغا يەتكەن نەغمىچىلەرنىڭ هامىيلىقىدا تاۋۇز بايرىمى مۇراسىمىنى ئاخىرلاشتۇرغىنىدا ۋاقىتنىڭ چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دىن ئېشىپ كېتىشى، تاۋۇزلىرىنى ساتالماي ناشتىلىق پۇلغا زار بولۇپ قالىدىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ئامالسىز 12 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تاۋۇزغا بىر جىڭ قوتۇرماچ ئېلىپ قورسىقىنى ئەستەرلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇ كۈنى ناهىيە بازىرىغا كىرگۈزۈلگەن 10 مىليون كىلوگرام تاۋۇزنىڭ ئاران 250 مىڭ كىلوگرامى سېتىلغان. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ئىسكەنجىگە ئالغاندا، بىر نەچچە دېهقان بايرامنى دەپ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ناهىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىپ بىر كېچە-كۈندۈز قوروپ ئولتۇرغان تاۋۇزلىرىنى تاغىرى بىلەن قوشۇپلا ئەلەم بىلەن تاشلىۋەتكەن، هەتتا بەزىلەر زەردە بىلەن دەسسەپ چەيلىۋەتكەن. غەزەبتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن كۆپ ساندىكى دېهقانلار دۆۋىلىنىپ تۇرغان تاۋۇزلىرىنى شۇ پېتى تراكتورغا كىرا قىلىپ ناهىيە بازىرىدىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ كېتىشكەن. تاۋۇز بايرىمى دېهقانلارنى قاقتى سوقتى قىلغان لەنەتتى بايرام بولغان. بازارنىڭ بىر پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى ئۆرتەنگەن هالدا مۇنداق دېگەن: «نۇرغۇن دېهقانلار تاۋۇزلىرىنى ساتالمايلا قالماي، يەنە ناهىيە بازىرىغا كىرگەن تۇرمۇش خىراجىتى ۋە كىرا هەققى ئۈچۈن كۆپ چىقىمدار بولدى. تاۋۇز بايرىمىنىڭ ئالدىدا يۇقىرى دەرىجىلىك هۆكۈمەت تاۋۇز بايرىمىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىمىز دېگەن نام بىلەن كەنتلەردىن 500 يۈەندىن پۇل يىغدى. ناهىيە بازىرىدىكىلەر شەكىلۋازلىقنىڭ ئەمەلدارلار-

...نىڭ غىدىقلانغان ھەۋىسىنى بېسىپ، دېھقانلارنى ئورۇنسىز زىيانغا ئۇچراتقانلىقىدىن بەكرەك زارلانغان».

## بايرامنى چەكتىن ئاشۇرماي ئۆتكۈزسەك يەنىلا بولىدۇ

بايرام ئىنسانلار ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى، ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا داۋاملىشىدۇ ھەمدە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «بايرام» شاملىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەكتە.

قەدىمكىلەردە «پۇتىقى جىق دەپلا بامبۇكنى تۈز ئۆسمىدى دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن تەمسىل بار. ئەمەلىيەتتە، ھەممە سەۋەنلىكنى بايرامغىلا يۈكلەپ قويساق بولمايدۇ. رەڭگا رەڭ تۈس ئالغان بايراملار ئىچىدە نوقۇل ھالدا نەتىجە-ئۇتۇقلارنى بولۇشىغا تەرىپلەش، مودا قوغلىشىش، ئاللىكىملەرنىڭ كىبىرىنى نامايان قىلىشقا ئوخشاش شەكىلۋازلىق تۈسىدىكى خەلققە يۈك، مالىيىگە بېسىم ۋە ئىسراپچىلىق كەلتۈرىدىغان «بايرام»لارنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك. بايرام مىللىي مەدەنىيەتنى ئۇلۇغلاش، ئىقتىساد-سودا ۋە سەيلى -ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يەنىلا ئىجابىي رولغا ئىگە. بۇ تەرىپىنى نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن بايراملار ئىسپاتلاپ بەردى. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، يۈننەن ئۆلكىسى 3-نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمىنىڭ كۈنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلۈشىنى پۇرسەت بىلىپ، سەنئەت بايرىمى سورۇنىدىن پايدىلىنىپ كۆلىمى زور، مەزمۇنى مول ئىقتىساد-سودا، پەن-تېخنىكا پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان، بايرام مەزگىلىدىكى ئومۇمىي پۈتۈشۈش سوممىسى 8مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يۈننەن ئۆلكىسىگە بىۋاستە ئىقتىسادىي نەپ بېرىدىغان پۈتۈشۈش سوممىسى 5مىليارد 200 مىليون يۈەنلىك تۈر ئىمزالانغان. يەنە باشقا خەۋەرلەرگە قارىغاندا، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد-سودا، سەيلى-ساياھەتچىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان «تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق كوكىس پالمىسى بايرىمى» 26دۆلەت ۋە رايون شۇنىڭدەك مەملىكەت ئىچىدىكى 21 ئۆلكە، شەھەردىن كەلگەن 23مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى جەلپ قىلغان. قويۇق رايون ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ قېتىمقى بايرامدا خېنەن ئۆلكىسىنىڭ داڭقى زور دەرىجىدە ئېشىپلا قالماي، يەنە ئىقتىساد-سودا، سەيلى-ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدىكى ھەمكارلىق تۈرلىرىمۇ تېزلا ئەمەلىيلىشىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا بايراملار بولۇپ تۇرمىسىمۇ بولمايدۇ، ئاڭلىماققا غەلىتىرەك بولغان تەقدىردىمۇ، غەيرىي مەقسەتلىك ھەم چەكتىن ئېشىپ كەتمىگەنلا بولسا بولىدۇ. چەتئەللىكلەرنىڭمۇ بايراملىرى بار، بەزى بايراملار ئاڭلىماققا دېمىسىمۇ غەلىتىرەك تۇيۇلىدۇ. «ھاجەتخانا بايرىمى»دەپ ئاتاشنى ئاڭلىغان بەزى بايرام مەستانىلىرى ئىختىيارسىزلا بۇرنىنى ئېتىۋېلىشى مۇمكىن. ئەمما ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھەر يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈنىنى «ھاجەتخانا بايرىمى»قىلىپ بېكىتكەن. ياپونىيىدە ھۆكۈمەت تەرەپ ھاجەتخانا قۇرۇلۇشىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ياپونىيىدە «ھاجەتخانا پاكىز، ئازادە، كىشىلەر ياقتۇرىدىغان بولۇش» شوئارى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىي ھاجەتخانا قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر چوڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى كىممۇ ئىنكار قىلالايدۇ؟ ئەخلەت ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى چوڭ شەھەرلەردە ساقلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلـ پۇقرالارنىڭ مۇھىت ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياپونىيە ھۆكۈمىتى «ئەخلەت بايرىمى»تەسىس قىلغان. ھەر يىلدىكى «ئەخلەت بايرىمى»كۈنىدە ھەممەيلەن ئىشىك ئالدىنى تازىلاپ، يىغىلغان ئەخلەتلەرنى تازىلىق پونكىتىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. گەرچە «ھاجەتخانا بايرىمى»، «ئەخلەت بايرىمى» ئاڭلىماققا سېسىقچىلىقتا تۇرۇپ بولمايدىغاندەك ھەتتا تولىمۇ غەلىتە تۇيغۇ بەرسىمۇ، لېكىن بۇ بىزنىڭ بەزى جايلىرىمىز يەپ-ئىچىش ئۈچۈنلا ئۆتكۈزگەن، خەلقنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، مالىيىنى خورىتىش بەدىلىگە ئىجاد قىلغان تېتىقسىز بايراملارغا قارىغاندا ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەمدە كۆپ مەدەنىي ئەمەسمۇ؟

قىسقىسى، «باشقىلار بايرام قىلسا، مەنمۇ داپ چالمىسام بولمايدۇ» دەپ بەسلىشىدىغان، خەلقنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، مالىيىدە بېسىم پەيدا قىلىدىغان، ئۆتكۈزسىمۇ، ئۆتكۈزمىسىمۇ بولىدىغان تېتىقسىز بايراملارنى قىسقارتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمى ۋە خاتىرىلەش، تەبرىكلەش ئەھمىيىتى بولغان بايراملارنى ئۆتكۈزسەك، ھەتتا تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق، قائىدىلىك ئۆتكۈزسەك بولىدۇ. (06)

# تەرمىلەر گېزىتى

1999 ـ يىل
ئاۋغۇست
(ئومۇمىي 67 ـ سان)

شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى


## 5 خىل ئەھۋالدىكى كېسەل ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىشقا بولمايدۇ

1. توختاملاشقان ۋاقتى، داۋالىنىش مۇددىتى توشمىغانلار؛ 2. توختاملاشقان ۋاقتى توشمىغان، ئەمما داۋالىنىش مۇددىتى توشقان بولسىمۇ، يەنىلا كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقانلار؛ 3. توختاملاشقان ۋاقتى توشمۇ، داۋالىنىش مۇددىتىمۇ توشقان، ئەمما داۋاملىق كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان بولسا، ئۇلارنى ئىشلەتكەن ئورۇن توختام ۋاقتىنى ئۇلار ياتاقدىن چىققانغا قەدەر ئۇزارتىشى كېرەك؛ 4. توختاملاشقان ۋاقتى توشقان، داۋالىنىش ۋاقتى توشمىغان، ئىشتىن توختاپ داۋالىنىۋاتقانلارنىڭ توختام ۋاقتىنى كېسەللىك ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشىلانغانغا قەدەر ئۇزارتىش كېرەك؛ 5. كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئەمگەك توختامى تۈزۈلمى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى كېسەل بولۇپ ياكى باشقا ئىش ئۈستىدە يارىدار بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت دەم ئېلىۋاتقان مۇقىم ئىشچىلار داۋالىنىش مۇددىتى توشقان ياكى داۋالىنىش مۇددىتى ئىچىدە داۋالىنىش تاماملىنىپ 5 ـ 7 ـ دەرىجىگىچە يارىلانغان دەپ باھالانغان، نورمال خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلار.


يۇقىرىدىكى 5 خىل ئەھۋالدىن باشقا، راك كېسىلى، ئېغىر روھىي كېسەللىك، پالەچلىك ۋە باشقا پەۋقۇلئاددە كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن جەمئىيەتكە، خىزمەت ئورنىغا زور تۆھپە قوشقان كېسەل ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قوغداش كېرەك، داۋالىنىش مەزگىلىدە خىزمەت قىلغان ئورنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ داۋالىنىش مۇددىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتسا بولىدۇ.



(لياۋنىڭ «كوممۇنىست» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل 3 ـ سانىدىن) (05)

## سىنگاپورنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدا زىيان تارتىش ئەھۋالى يوق

مۇناسىۋەتلىك تارماقلار سىنگاپوردىكى ئەڭ چوڭ 500 شىركەت ئۈستىدە تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، سىنگاپوردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە پايدىسى ۋە ئوتتۇرىچە مال سېتىش مىقدارىنىڭ باشقا خىلدىكى كارخانىلاردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ سىنگاپور ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەيران بولۇش ۋە ئېتىبار بەرمەسلىك قاتارلىق سىياسەتلە نى قاتتىق يولغا قويغانلىقى ب لەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن باشقا، پاي چېكى دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدىغان شىركەت تۈزۈمىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويغانلىقى بىلەن تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك. سىنگاپورنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدا، مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن كارخانا باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 2 خىل فۇنكسىيىگە ئىگە بىر قىسىم قانۇنلۇق ئاپپاراتلاردىن باشقىلىرىدا ئاساسەن پاي چېكى دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدىغان شىركەت شەكلى قوللىنىلىدۇ. سىنگاپور ھۆكۈمىتى پاي چېكى دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدىغان شىركەتلەرنى بازار سودىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە باشقۇرۇپ، ئۇلارغا ھەممە جەھەتتىن خوجايىنلىق ھوقۇقىنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلارنىڭ دىرېكتورلىرى ئۆزلىرى بەلگىلىگەن تەدبىرلەرگە ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدۇ. سىنگاپور ھۆكۈمىتى يەنە دۆلەت كارخانىلىرىنى كۆپ مەنبەلىك ئىگىلىك باشقۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، مۈلۈك ھوقۇقىنى باشقۇرۇشمۇ ئىنتايىن جانلىق بولىدۇ.



(خېبېي «كوممۇنىست» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل 4 ـ سانىدىن) (05)

## قانداق قىلغاندا ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان خىزمەت تاپقىلى بولىدۇ


نۇرغۇن كىشىلەر ئەمگەك كۈچى (ئىختىساسلىقلار) بازىرى قاتارلىق ئورۇنلار ئارقىلىق ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان خىزمەت تېپىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما قانداق قىلغاندا ئۆزىگە ھەقىقىي ماس كېلىدىغان خىزمەت تاپقىلى بولىدۇ؟

بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى، ساپاسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى توغرا مۆلچەرلەش، توغرا باھالاش لازىم. بۇ، ئۆزىگە لايىق كەسىپ تېپىش ـ تاپالماسلىقنىڭ ئاساسى ۋە شەرتى. كەسىپ تاللىغاندا، ئۆزىنىڭ كەسىپ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تاللاش لازىم، ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى ياكى ئېنىق نىشانى بولمىغان ھالدا «ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمەن» دېگەن قاراش بويىچە كەسىپ تاللىغانلار ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان خىزمەت تاپالمايدۇ؛

ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ «ئۈستۈنلۈكى» ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنغا ئېنىق تونۇشتۇرۇش لازىم. بۇنداق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇش ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنغا ئېنىق تونۇشتۇرۇش ـ تونۇشتۇرماسلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى؛

ئۈچىنچىدىن، ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىك تەرەپلىرىنى تولۇقلاش لازىم. خىزمەت تېپىش جەريانىدا، مەلۇم بىر خىزمەتنى قىلىمىز دەيدىغانلار كۆپ بولسا، ئۆزىنىڭ مۇشۇ جەھەتتە ئۈستۈنلۈكى ۋە ئالاھىدىلىكى بولمىسا، شۇ خىزمەتنى قىلىمەن دەپ ئېسىلىۋالماسلىق لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى يېتىدىغان خىزمەت تېپىلىپ قالسا، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم؛

تۆتىنچىدىن، قانۇنلۇق يول ئارقىلىق خىزمەت تېپىش لازىم. نۆۋەتتە، جەمئىيەتتە، كەسىپ تونۇشتۇرۇش ۋە ئەمگەك ئىشلىرىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق خىلمۇخىل سورۇنلاردا شۇنىڭدەك گېزىت قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە خىزمەتكە قوبۇل قىلىش توغرىسىدا خىلمۇخىل ئېلانلار كۆپ، ئالدىنىپ قېلىش ۋە زىيان تارتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قانۇنلۇق بولغان كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىغا بېرىش لازىم، بۇنداق قىلىش چەتتىن كەلگەن خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؛



بەشىنچىدىن، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش ۋە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە كەسپىي جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى تېزلىكتە يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ كەسپىي ساپا جەھەتتىن قويۇلىدىغان تەلەپمۇ بارغانسېرى يۇقىرىلىماقتا، بىر جەھەتتىنلا ئالاھىدىلىكى بارلارنىڭ خىزمەت تاپىمىقى بارغانسېرى تەسكە چۈشىدۇ. جەمئىيەتتىكى خىزمەتنىڭ تەلەپ يۆنىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىقتىدارىنى تېزلىكتە يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

(«تەشۋىقات قوللانمىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل 4 ـ سانىدىن) (05)

1. كېسەل جورىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى رەت قىلىش. رېئال تۇرمۇشتا بەزىلەر ئۆزىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان جورىسىنىڭ ھالىدىن ھەمىشە خەۋەر ئالمىسا، ھەتتا ئۇنى خارلىسا، جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىبلىشىگىلا ئۇچرايدۇ، كىشىلەر ئۇنداقلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەيىبلەشكىلا ئادەتلەنگەن بولۇپ، قانۇن جەھەتتىن جازالاش ئاز ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ «نىكاھ قانۇنى» ۋە «ھەق - تەلەپ قانۇنى»دا، ئەگەر جورىسى كېسەل بولۇپ قالسا، قارشى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار، قارشى تەرەپ تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان بولۇپ قالسا، ئۇنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئادا قىلىشى كېرەك، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان جورىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە بېقىشنى رەت قىلىش قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا ياتىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغان بولسا تاشلىۋېتىش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

2. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىشى. ھازىر قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنى «غاجىلاش» ئەھۋالى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان بەزى پەرزەنتلەر ھەمىشە ئائىلىسى بويىچە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ «يەپ - ئىچكەن»نى ئاز دەپ يەنە «غېپىدە سوقۇۋالىدۇ»، ئاتا - ئانىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆز ئۆيىگە توشۇيدۇ، بۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن يېپىلىپ قالىدىغان بىر خىل جىنايى قىلمىش. «ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»دا ئاتا - ئانىسىنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىغان ئائىلە ئەزالىرىغا ئامانلىق ساقلاش نىزامى بويىچە جازا بېرىلىدۇ ھەتتا ئۇنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەگەر پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىدىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن بولسا، ئاتا - ئانىسىنىڭ مال - مۈلكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولىدۇ، ھەر قانداق ئادەم جۈملىدىن پەرزەنتلەرمۇ ئۇنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاش ئەھۋالى ئېغىر بولغان بولسا ئوخشاشلا ئوغرىلىق جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**رېئال تۇرمۇشتا ئاسانلا سەل قارىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار**

3. باشقىلارنى تىللاش. ئېلىمىزدە، ئادەم ئۇرۇش «قانۇنغا خىلاپ» ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئەمما ئادەم تىللاشنىڭمۇ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتمەيدۇ. ئادەم تىللىغۇچى ئۆزىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايلا قالماستىن، تىللانغۇچىلار ئىچىدىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى تىللىشىنى قانۇنغا خىلاپ قىلمىش دەپ قارايدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز، شۇڭا باشقىلار ئۆزىنى تىللىغاندا، ئۇنىڭغا تىللاش ئارقىلىق ناقابىل تۇرۇش ياكى كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەيلى يېزىق ئارقىلىق تىللاش ياكى ئاغزىدا تىللاش بولسۇن، ھەممىسى باشقىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا، بولۇپمۇ نام - ئابرويىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھېسابلىنىدۇ، ئېغىر بولغانلىرى تۆھمەت قىلىش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

4. پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بەرمەسلىك. بەزىلەر پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىش - بەرمەسلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ ھوقۇقى، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ياكى سودا ئىشلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق، دېگەننى باھانە قىلىپ بالىسىنى مەكتەپتىن توختىتىۋالىدۇ ھەمدە بالىسىنى مەكتەپكە بېرىش - بەرمەسلىكنى ئائىلىسىنىڭ ئىشى، دەپ قارايدۇ. بۇ قىلمىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ھېس قىلمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ «مائارىپ قانۇنى»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» ۋە «ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلاردا ياش - قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تەربىيىلىنىش ھوقۇقىغا ئالاھىدە كاپالەتلىك قىلىنغان. ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرمەسلىكىنىڭ ئۆزى روشەن ھالدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىش، پەرزەنتلەر ئۆزلىرى ئوقۇشتىن زېرىككەن ھالەتتىمۇ، ئەگەر ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى نوسۇمايدىكەن ياكى ئامال قىلىپ ئوقۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلمايدىكەن، بۇ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مەكتەپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا قانۇن بويىچە ئوقۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

(«فۇجيەن ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىل 5 - سانىدىن) (05)



## دۆلەت جيەنجۇا قوبۇل قىلغان سوغاتلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى

شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلـ
دارى دۇڭ جيەنخۇا ئۆزىنىڭ 15 ئاي ئىچىدە تۈرلۈك ئىجـ
تىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى
زاتلارنى قوبۇل قىلغان چېغىدا قوبۇل قىلغان سوغاتلارنى
ئېلان قىلغان.

بۇنىڭ ئىچىدە قىممەت پۇللۇق بۇيۇملاردىن: بىرىلـ
ياننىتىن ياسالغان بۇلاپكا، مەرۋايىت
كالىستۇك، ئۈنچە مارجان، ئالتۇن
كالا، 24K لىق ئالتۇن يالىتىلغان
چوكا، ئاچقۇچ، ئىككى دانە تىللا
پۇل، ئىككى دانە قاشتېشى ئويمـ
سى، ساپ ئالتۇندىن ياسالغان خاتىرە ئورۇندۇق، ئالتۇندىن
ھەل بېرىپ ئىشلەنگەن كىچىك تېپىنىكى پوچتا ماركىسى
خاتىرە ئالبومى قاتارلىقلار بار. قوۋۋەتلىك دورىلار تۈرىدىن:
جۇگيى ئۆسۈملۈك دورىلىرىدىن 20 قاپ، ھەسەلدىن ئىككى
قۇتا... قاتارلىقلار بار. بۇ سوۋغاتلار 1160 پارچىگە يېتىدۇ.

شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەمۇرىي ئەمەلدارى
ئىشخانىسى باياناتچىسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، دۇڭ جيەنخۇا
سوۋغا ـ سالاملارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ بۇيۇملار-
نى ئاۋۋال ئىشخانا تۈرلەرگە بۆلىدۇ، ئاندىن تۆۋەندىكى تۆت
خىل ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ:

بىرىنچى، قىممەتلىك سوۋغىلار شۇنىڭدەك سودا
قىممىتى بار بۇيۇملارنى ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ئەمەلدار-
لىرىنىڭ ساقلاپ قويۇش نىيىتى بولمىسا، ھۆكۈمەت خەـ
زىنە بۇيۇملار مەھكىمىسىنىڭ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتـ
شىغا تاپشۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم خەيرىيەت ئو-
رۇنلىرىغا تەقدىم قىلىنىدۇ؛

ئىككىنچى، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ئەمەلدارىنىڭ
ساقلاپ قويۇش نىيىتى بولسا، بۇنى ئۆزى پۇل تۆلەپ سېـ
تىۋالىدۇ، باھاسىنى خەزىنە بۇيۇملار
مەھكىمىسى مۆلچەرەن بېكىتىپ
بېرىدۇ؛

ئۈچىنچى، ئايرىم بۇيۇملار ئالاـ
ھىدە رايون ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىشـ
خانىسىغا ياكى ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا تىزىپ قويۇلىدۇ،
دۇڭ جيەنخۇا ۋەزىپىسىدىن قالغاندا ئۇنىڭ يەنىلا قىممىتى
بولىدىكەن، خەزىنە بۇيۇملار مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ
قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ؛

تۆتىنچى، ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغان بۇيۇملار يەنى
يېمەكلىك قاتارلىقلار ئىشخانىدىكى خادىملارغا بۆلۈپ بېـ
رىلىدۇ.

ئېلان قىلىنغان سوۋغاتلار تىزىملىكى شياڭگاڭ ئالاـ
ھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش كەيـ
پىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(خېبېي «كوممۇنىست» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلى 4 ـ سانىدىن)
(05)

## مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ 17 تۈرلۈك قانۇنىيىتى

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىلمىنىڭ ئاساسچىـ
سى دوكتور ناپالىئون شىل 25 يىل ۋاقىت سەرپ
قىلىپ پۈتۈن ئامېرىكىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانـ
غان 504 نەپەر داڭلىق زاتنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ-
لارنىڭ «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى»
ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ۋە
مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، «ھەر
قانداق ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىشى»دىكى 17 تۈرلۈك قا-
نۇنىيەتنى يەكۈنلەپ چىققان:

1. ئاكتىپ روھىي ھالەتتە بولۇش؛

2. ئېنىق نىشان بولۇش؛ 3. كۆپرەك يول مېـ
ڭىش؛ 4. توغرا ئىدىيىدە بولۇش؛ 5. ئۆزىنى ،
كونترول قىلالايدىغان بولۇش؛ 6. كوللېكتىۋىزمـ
لىق روھىي بولۇش؛ 7. ئەمەلىي ئىشەنچ بولۇش؛ 8.
كىشىنى خۇشال قىلالايدىغان خاراكتېرى بولۇش؛
9. كەشىپ قىلىش روھى بولۇش؛ 10. قىزغىن بو-
لۇش؛ 11. دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان بو-
لۇش؛ 12. ھەمكارلىشىش روھى بولۇش؛ 13. تەجرىـ
بە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىيەلەيدىـ
غان بولۇش؛ 14. ئىجابىي نەـ
زەر ـ دائىرىسى بولۇش؛ 15. ۋا-
قىت ۋە پۇلنى مۆلچەرلىيەلەيدىـ
غان بولۇش؛ 16. جىسمانىي ساغلاملىقنى ساقلاش؛
17. ئومۇمىي قانۇنىيەتنى قوللىنىش كۈچىگە ئىگە
بولغان بولۇش.

(«تەشۋىقات قوللانمىسى»نىڭ 1998 ـ يىلى 20 ـ سانىدىن) (05)



# كومپارتىيە ئەزالىرى نىكاھ، ئائىلە ئەخلاقىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى كېرەك

يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پارتىيىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قانچە چوڭقۇرلاشتۇرۇلسا كومپارتىيە ئەزالىرى سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاققا رىئايە قىلىشتا شۇنچە ئۈلگە بولۇشى لازىم، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئەخلاق ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، نىكاھ-ئائىلە ئەخلاقىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، كومپارتىيە ئەزالىرى سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئەخلاققا رىئايە قىلىشتا، نىكاھ-ئائىلە ئەخلاقىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى لازىم. ئەمما، ھازىر ئاز ساندىكى كومپارتىيە ئەزالىرىدا بۇ جەھەتتە بەزى خاتا قاراشلار مەۋجۇت. مەسىلەن، بەزىلەر، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشى شەخسنىڭ ئىشى، خۇسۇسىي نىكاھ ئائىلە ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش - قىلماسلىقىنىڭ كارى چاغلىق، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر ھەتتا سوتسىيالىزمدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان نىكاھ - ئائىلە ئەخلاقىنى فېئوداللىزم دەۋرىدە تەشەببۇس قىلىنغان «پۇقرا پادىشاھقا، بالا ئاتىغا، خوتۇن ئەرگە بويسۇنۇش» ۋە ئايالالار «ئۈچ ئىتائەت، تۆت ئەخلاق»، «بىر ئەر بىلەن ئۆمۈر بويى ئۆتۈش» دېگەندەك فېئوداللىق ئېتىكا ئەخلاقىي بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، نىكاھ - ئائىلە ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشنى «ئىدىيىدە ئازاد بولمىغانلىق» دەپ قارىماقتا، ھەتتا ئۇلار ئائىلە ئەخلاقىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرىنى «فېئودال» نەرسە ئىكەن، دەپ ئەيىبلىشىدۇ. بۇنداق قاراشلار ئىنتايىن خاتا ھەم زىيانلىق.

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نىكاھ - ئائىلە ئەخلاقىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشنى تەكىتلەش كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ ئەمەس، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتا ئىنتايىن مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچى، بۇ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى زۆرۈر تەلەپ. كومپارتىيە ئەزالىرى نىكاھ مۇناسىۋىتى، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، قولۇم - قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا بەلگىلىك ئىدىيىۋى مۇددىئانىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ساپاسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغارلىقىنى ئاساس قىلىپ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن مۇھىم دەپ بىلىشتەك كوللېكتىپىزملىق پرىنسىپ بويىچە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنماسلىقى، كۆپ ھاللاردا، شەخسىيەتچىلىك، راھەتپەرەسلىك ئىدىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؛ ئىككىنچى، بۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىككە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەتتا پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1996 - يىلى چىقارغان «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارار»دا، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس

قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش، ئەر ـ ئايال باراۋەر بولۇش، ئەر ـ خوتۇنلار ئىناق ئۆتۈش، ئائىلىنى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇش، قولۇم ـ قوشنىلار ئىتتىپاق ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئائىلە ئەخلاقىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش» لازىم، دەپ تەكىتلەنگەن. سوتسىيالىزم شارائىتىدا نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان بۇ ھەرىكەت ئۆلچىمىدە گەرچە مىللىتىمىز ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ مۇۋاپىق تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ھەم سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئەخلاق فېئودالىزم دەۋرىدىكى نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ. بىزگە ئايانكى، ئائىلە ئەخلاقىي قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئەگەر ئائىلە ئەخلاقىي قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلمايدىغان بولسا، ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىدىن كېلىپ چىققان نىكاھ ماجىرالىرى، ئائىلە ماجىرالىرى داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق قىياپىتىگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ھەتتا پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ئامما ئارىسىدا ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئامما ئارىسىدا ئىنتايىن زور ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلسا، ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ؛ ئۈچىنچى، بۇ، رېئاللىق ئوتتۇرىغا قويغان جىددىي تەلەپ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان شارائىت ئاستىدا، كونا جەمئىيەتنىڭ بەزى قالدۇق چىرىك ئىدىيە ئەخلاقىنىڭ يامراپ كېتىشى، غەرب كاپىتالىزمنىڭ چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن، ئاز ساندىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋىتىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەخلاق ھەرىكىتىدە كىشىنى ئويغا سالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. ھازىر نىكاھ ـ ئائىلە ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى خىزمەت سالمىقى بۇرۇنقىدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى زور بىر قىسىم ماجىرالار كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقىغا رىئايە قىلمىغانلىقى ھەتتا ئۇنى دەپسەندە قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقىغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىپ، گۈزەل ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشنى تەكىتلەش كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى.


كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى تەشكىلنىڭ تەربىيىسى، ئاممىنىڭ نازارىتى، جامائەتچىلىكنىڭ چەكلىمىسىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەمما بۇنىڭدا ئاساسلىقى يەنىلا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ يۈكسەك ئاڭلىقلىقىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشنى ئۆزىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ھەتتا پۈتكۈل پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى لازىم.

بۇ جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشنىڭ ياخشى ئادەم بولۇش ۋە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىش لازىم. نىكاھ ـ ئائىلە ئەخلاقىغا دائىر ھەر خىل ھەرىكەت ئۆلچىمىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىش لازىم. ئۆزىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئۆزىدە نىكاھ، ئائىلە ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان ئىدىيە پەيدا بولغان ھامان ئۇنى دەرھال تۈزىتىش، ئۇنىڭ ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سوتسىيالىستىك نىكاھ، ئائىلە ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشى پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئېسىل ئەخلاق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. (05)

## ۋاقىتلىق ئىشچى پارتىيە ئەزاسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالسا بولامدۇ؟

ۋاقىتلىق ئىشچى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا كونكرېت ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئەگەر خىزمەتكە ۋاقىتلىق ياردەمدە بولغان بولسا، يەنە كېلىپ ياردەمدە بولىدىغان ۋاقتى بىر قەدەر قىسقا بولۇپ، پارتىيە ئەزالىق ئىسپات خېتىنىلا ئېلىپ كەلگەن (ۋاقىتلىق تەشكىلىي مۇناسىۋەت)، پارتىيە تەشكىلىي مۇناسىۋىتى يەنىلا ئەسلىدىكى ئورنىدا بولسا ئۇ ھازىر ئىشلەۋاتقان ئورۇندا پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتناشسا بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى تۇرۇۋاتقان ياچېيكىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالسا بولمايدۇ.

ئەگەر ۋاقىتلىق ياردەملىشىپ ئىشلىگەن ۋاقتى يېرىم يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ پارتىيە تەشكىلىي مۇناسىۋىتى بەلگىلىمە بويىچە ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا يۆتكەپ كېلىنگەن بولسا، ئۇنىڭ ياچېيكىدا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى، سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ياچېيكىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاشقا بولىدۇ.(07)



## ئەسلى ياچېيكىسىدا ياچېيكا ھەيئىتى بولغان پارتىيە ئەزاسى ياچېيكا ھەيئىتى كەم ياچېيكىغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن كەم ئەزانىڭ ئورنىنى تولۇقلىسا بولامدۇ؟

يېقىندا، ياچېيكىمىزغا بىر پارتىيە ئەزاسى يۆتكىلىپ كەلدى، بۇ يولداش ئەسلىدىكى ئورۇندىكى پارتىيە ياچېيكىسىدا ياچېيكا ھەيئىتى ئىكەن، ھازىر بىزنىڭ ياچېيكىدا دەل بىر نەپەر ھەيئەت كەم. بۇ يولداش بىۋاستە ياچېيكىمىزنىڭ ھەيئىتى بولسا بولامدۇ - يوق؟

باشقا ئورۇن پارتىيە ياچېيكىسىدا ياچېيكىنىڭ ھەيئىتى بولغان يولداش خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن يېڭى ئورۇنغا يۆتكىلىپ بېرىپ يېڭى پارتىيە ياچېيكىسىغا قوشۇلغاندا، ئۇنى ئەسلىدىكى پارتىيە ياچېيكىسىدا ياچېيكا ھەيئىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىۋاستە ھازىرقى ياچېيكىنىڭ ھەيئەتلىكىگە قويۇشقا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياچېيكىدىكى كەم ئورۇننىڭ مۇقەررەر تولۇقلىغۇچىسى قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى شۇ ياچېيكىنىڭ ھەيئەتلىكىگە كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە، كۆپ سانىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ھەمدە پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ تولۇقلاپ سايلاش كېرەك. (07)

## پارتىيە تەشكىلاتى كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىدا كەمچىلىك ۋە مەسىلە بارلىقىنى كاندىداتلىق مەزگىلدە بايقىسا، قانداق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك؟

بىز بىر كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنى يېرىم يىل كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدە كەمچىلىك ۋە ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق. ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك؟

پارتىيە تەشكىلاتى كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىدا سىياسىي، ئىدىيە، خىزمەت، ئىستىل قاتارلىق جەھەتلەردە كەمچىلىك ۋە مەسىلە بارلىقىنى كاندىداتلىق مەزگىلدە بايقىسا، كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلىشى كېرەك. ئۇلارغا كەسكىن، ئەستايىدىل ھالدا تەنقىدىي تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدتىن ئىبارەت قورالنى توغرا قوللىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا ياردەم بېرىشى، ئۇلاردىن خاتالىقىنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ، پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. شۇ كىشىنىڭ تارىخىغا ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىگە ياتىدىغان مەسىلە بايقالسا، بىر تەرەپتىن، شۇ كىشىگە پارتىيىگە سادىق، سەمىمىي بولۇش، مەسىلىنى پارتىيە تەش-

كىلىكە ئېنىق تاپشۇرۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يەكۈن چىقىرىش كېرەك. كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كاندىداتلىق مەزگىلىدە بايقالغان مەسىلىلىرىگە قارىتا، كاندىداتلىق ۋاقتى توشقاندا ئاندىن بىراقلا ھېساب ئېلىشتەك مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كاندىداتلىق ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلاتى ئۇلارنىڭ كاندىداتلىق مەزگىلىدىكى ئىپادىسىگە ھەمدە كەمچىلىكى، خاتالىقىنى تونۇش ۋە تۈزىتىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە، ئۇنى رەسمىيلەشتۈرۈشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىشى ۋە ئۇ ھەقتە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. (07)

## ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرسە بولامدۇ ـ يوق؟

بىزنىڭ ئورنىمىز شىركەت ۋاقىتلىق ئەۋەتكەن قۇرۇلۇش ئورنى، ياچېيكىمىزمۇ ۋاقىتلىق قۇرۇلغان، بۇنىڭغا بىر يىلدىن ئاشتى، ئارىلىقتا، ياچېيكىمىزغا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىككى نەپەر كاندىدات پارتىيە ئەزاسى يۆتكىلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ كاندىداتلىق ۋاقتىمۇ توشتى. بۇنداق ئەھۋالدا، ۋاقىتلىق ياچېيكا ئۇلارنى رەسمىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلسا بولامدۇ يوق؟

بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ ۋاقىتلىق ياچېيكىسى مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ۋاقىتلىق ئىجرا قىلىدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى 2 يىلدىن ئاشمايدىغان تارماق ياكى ئورۇنلاردا رەسمىي پارتىيە ئەزاسى ئۈچتىن ئارتۇق بولسىلا، ناھىيە دەرىجىلىك ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتكوملارنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇشقا بولىدۇ. خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن 2 يىل ئىچىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ۋاقىتلىق تارماق ۋە ئورۇنلاردا ناھىيە دەرىجىلىك ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتكوملارنىڭ قارار قىلىشى بىلەن پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇشقا بولىدۇ. ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىلىرى پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش، كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈش، پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلالمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ باشقا ئاساسىي ۋەزىپىلىرى رەسمىي پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا، ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاساسىي قاتلام پارتكوملىرى ياكى پارتىيە باش ياچېيكىلىرى ئادەتتە كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىغا كىرگۈزمەسلىكى، ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىلىرىمۇ كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىمەسلىكى كېرەك. يۇقىرىقى پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا سىلەرنىڭ ياچېيكاڭلاردىكى ئىككى نەپەر كاندىدات پارتىيە ئەزاسى ئەسلىدىكى ياچېيكىغا قايتىپ بېرىپ رەسمىيلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى، سىلەرنىڭ ياچېيكاڭلار ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىپادىسى ۋە ئالاقىدار ئەھۋالنى ئەسلىدىكى ياچېيكىسىغا يوللاپ بېرىشى كېرەك. (07)

## پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچنى تەكلىپ قىلسام بولامدۇ؟

پارتىيە ياچېيكىسى يېقىندا ئېچىپ مېنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە ماڭا پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچىدىن ئىككىنى بەلگىلەپ بەردى. لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر يولداشتىن دېگەندەك رازى ئەمەس. ئۆزۈم بىرنى تەكلىپ قىلسام بولامدۇ؟

بولىدۇ. پارتىيە ئىچىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى ئۆزى تەكلىپ قىلسا بولىدۇ، پارتىيە تەشكىلاتى بەلگىلەپ بەرسىمۇ بولىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى بولۇشقا بەلگىلىگەندە، چوقۇم شۇ كىشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى، زورمۇزور بەلگىلىمەسلىكى كېرەك، پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچىلىقنى ئادەتتە ئالاقىلەشكۈچى ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئالاقىلەشكۈچى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئالاقىلەشكۈچى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى بولسا، تەربىيىلەشنىڭ ئىزچىل بولۇشىغا، شۇنداقلا پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى كاندىدات پارتىيە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەربىيىلەش ۋە كۆزىتىشكە پايدىلىق. (07)

ھۈسيىن ھاشىم (ت)

## گۇما ناھىيىسى كەنت دەرىجىلىك زاپاس كادىرلار قوشۇنىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە

گۇما ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كەنت دەرىجىلىك زاپاس كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، زاپاس كادىرلار قوشۇنىنى زورايتتى.

بۇ ناھىيە 1996 - يىلى كەنت دەرىجىلىك تەشكىلىي ئاپپاراتلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كادىرلار ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم كەنت كادىرلىرىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، يەنە بىر قىسىم كەنت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىدە ماسلىشالمايۋاتقانلىقىدەك مەسىلىلەرنى بايقىغاندى. ئۇلار بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كەنت دەرىجىلىك زاپاس كادىرلارنى تەربىيىلەش، سەپلەش ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە تولۇق پىلان، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 1996 - يىلدىن بۇ يىل 5 - ئايغىچە ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق پارتىيە مەكتەپلىرىدە تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە 673 نەپەر ياش دېھقاننى پارتىيە نىزامنامىسى، قانۇن بىلىملىرى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتى، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن سىستېمىلىق تەربىيىلىدى. ھازىر تەربىيىلەنگەن بۇ زاپاس كادىرلارنىڭ بىر قىسمى مۇۋاپىق ئورۇنلارغا قويۇلدى. ئۇلار ھازىر كەنتلەرنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. (05)

ئابلىمىت مۇھەممەت

## تېرىم يېزىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە

يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بۇ يېزا ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپلا يېزا، كەنت ۋە يېزا تەۋەسىدىكى پونكىت، كوپېراتىپلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە تولۇقلاپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يېزا تېلېۋىزىيىسى ۋە سىممىسىز رادىئو ئارقىلىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ ئاممىنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ يېزىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەچكە يېزىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ھەر جەھەتتىن ياخشىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى كۆرۈنەرلىك ئازايدى. (05)

تۇرغۇنجان ئابلا

## كەنت كومىتېتى مۇدىرلىرى تەربىيىلەندى

كەنت كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋە ھەر ساھە خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، پىچان ناھىيە تويۇق يېزىلىق پارتكوم بۇ يىل 4 - ئايدا كەنت مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. بۇقېتىمقى ئۆگىنىش كۇرسىغا يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كەنت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، يېزا ئورگاندىكى ئالاقىدار خادىملاردىن 40 نەچچە كىشى قاتناشتى. كۇرسانتلار ئاساسىي قانۇن، كەنت كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر ۋە پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە بىلىمىنى ئاشۇردى. (05)

نويۇم ھاسان

## ئاقتام يېزىسىدىكى دېھقانلار پىششىق خىشتىن ياسالغان يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاقتام يېزىسى 1997 - يىلدىن باشلاپ يېزا تەۋەسىدىكى ئالدىن بېيىغان بىر قىسىم دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنى پىششىق خىشتىن ياسالغان يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتقاندى.

يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ـ كەنتلەردە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراق ـ ئۆي قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەر قايسى كەنتلەرگە ھەر يىلى 10 ئائىلىنى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈرۈشنى ۋەزىپە قىلىپ چۈشۈرۈپ، بۇنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمى بىلەن بىرلەشتۈردى. ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى يېڭى ئۆي سېلىشقا كىرىشكەن دېھقانلارغا تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ، قۇرۇلۇش لايىھىسىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى، ياغاچ، خىش قاتارلىقلارنى ئەرزان باھادا سېتىپ بەردى. يېزا يەنە كوللېكتىپ ئەمگەك كۈچىنى تەشكىللەپ قۇم ـ شېغىل، قۇرام تاشلارنى يۆتكەش، كونا ئۆيلەرنى چېقىپ تۈزلەش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. بۇنىڭ بىلەن پىششىق خىشتىن ياسالغان يورۇق ـ ئازادە ئۆيلەرنى سېلىشقا باشلىغان دېھقانلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە. ھازىر بۇ يېزىدا جەمئىي 318 ئائىلىلىك دېھقان يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. يېزا بۇ ئۆيلەرنىڭ سۇ، توك يوللىرىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا باغ يېرى ئاجرىتىپ بەردى. (05)

تۇرسۇن راخمان

## پېشنا يېزىسى نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى

گۇما ناھىيىسىنىڭ پېشنا يېزىسى 1999 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى ۋە بېيىغان دېھقان ـ چارۋىچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ 348 نامرات ئائىلىگە نەق پۇل، ئاشلىق، ئوتۇن، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى ياردەم قىلىپ، نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بىر قىسىم ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. (05)

گابلەت روزى

## تۆۋەت يېزىسى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە تەشۋىقاتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۆۋەت يېزىسى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە تەشۋىقات تەربىيىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

يېزىلىق پارتكوم بۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە قارىتىپ، رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئاممىنى دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى ئىدارە ـ جەمئىيەت، كەنت ـ مەھەللىلەرگىچە بېرىپ ئاممىغا پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى.

يېزىلىق رادىئو ئۆزىلى «نوپۇس ۋە تەرەققىيات» دېگەن پروگرامما تەسىس قىلىپ تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى. بۇ پروگراممىدا يىل بېشىدىن ھازىرغىچە جەمئىي 276 پارچە خەۋەر ـ ماقالە ئاڭلىتىلدى. نەتىجىدە 260 نەپەر ئاياللار ئۆزلۈكىدىن تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، كېچىكىپ توي قىلغانلار 46 جۈپكە يەتتى.

ئابلەت مۇھەممەت

## بارىن يېزىسىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى بۇ يىل 5 ـ ئايدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيىدا ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىپ، خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. ئىتتىپاق ئەزالىرى ئويۇن قويۇش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ۋە خىلمۇخىل مەدەنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. (05)

سېيىت ئەمەت قادىر

# كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە باشقۇرۇش ھەققىدە مۇلاھىزە

ۋاڭ ۋېنشۇ، جۇسىنپىڭ

يېڭى دەۋردىكى كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كارخانىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىنىڭ تەخىرسىز ۋەزىپىسى، شۇنداقلا كارخانىلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دولقۇنىدا رىقابەتكە قاتنىشىپ، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. شۇڭا خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەقىقىي تۇتۇپ، ئوبدان ئىشلەش لازىم.

**نۆۋەتتە كارخانا باشقۇرغۇچىلىرى قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا تەدرىجىي پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە، يېرىك ئىگىلىكتىن ئۈنۈمدارلىق ئىگىلىكىگە ئۆتتى، كارخانىلارنىڭ بازارغا ماسلىشىش ئىقتىدارى تەدرىجىي كۈچەيدى. كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى روشەن ئۆستى. لېكىن، شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز لازىمكى، كارخانا باشقۇرغۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى يېڭى دەۋردىكى كارخانا ئىسلاھاتى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كارخانىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بىلىدىغان مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىلىرى ھەمدە كادىر تاللاپ ئىشقا قويۇش رىقابەت مېخانىزمى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ؛ كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ كوللېكتىپ تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ئېڭى، ئەمەلىي ئىش قىلىش روھى يۇقىرى ئەمەس؛ نازارەت مېخانىزمىمۇ مۇكەممەل ئەمەس؛ مۇناسىۋەت تورى، ئۇرۇق تۇغقانلىق تورى مەھكەم گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھال كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ جانلىق ئايلىنالماسلىقىنى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈگۈنى يەنىلا مېخانىزم مەسىلىسى بولۇپ، بۇلارنى ھەل قىلىشتا ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مېخانىزمغا تايىنىش كېرەك.

مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرەلەيدىغان تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كارخانا تەرەققىياتىنى ئىشەنچلىك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، پارتىيە كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى»دىكى پرىنسىپ، تەرتىپ بويىچە، كارخانىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە خىزمەتنى پۇختا، ئوبدان ئىشلەش لازىم:

1. ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كىرىش ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پارتىيىمىزنىڭ كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇشتىكى توپ ئۆلچىمى. كارخانا باشقۇغۇچىلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتىمۇ ئەخلاقلىق بولۇشنى ئاساس قىلىش، ئەخلاق ئارقىلىق قابىلىيەتنى ئۆلچەش، ئەخلاقلىقلارنى چۆرىدىگەن ھالدا قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاشتا چىڭ تۇرۇپ، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە، خىزمەتتە جاسارەتلىك، بۆسۈپ ئۆتۈشكە، سىناق قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، خېيىم-خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدىغان، جان دىل بىلەن ئىشچى خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ كارخانا باشقۇرالايدىغان كادىرلارنى تاللاش لازىم. كادىر تەربىيىلەش، كۆزىتىشتە بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىش، پارتكوم كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، تەربىيلەشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى بولىدۇ، شۇڭا بۇنىڭدا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭكىدەك پارتىيە ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىشتا دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، دادىل يېڭىلىق يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، كارخانا پارتكومى ۋە تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى كادىرلار ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ھەقىقەتەن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلالايدىغان، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ۋە خىزمەت قىزغىنلىقىغا ئىگە كىشىلەرنى ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلىشنى، سىياسىي ساپاسى تۆۋەن، پەزىلىتى دۇرۇس بولمىغان كىشىلەرنى گەرچە مەلۇم دەرىجىدە باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، كىرىش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. بۇ چىرىكلىكنى توسۇش، كارخانا مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئېھتىياجى.

2. سىياسىي نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي نەتىجە ئۆتكىلىنى ئوبدان ئىگىلەش لازىم. سىياسىي نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى يۈرەكلىك تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۆستۈرۈپ ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل پاراستىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. سىياسىي نەتىجىسى ئادەتتىكىدەك كىشىلەرگە قارىتا تەشكىلىي تەدبىر قوللىنىپ، يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان بولۇشتەك ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنىنى تەڭشەش لازىم.

3. ئامما ئېتىراپ قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دېموكراتىيە ئۆتكىلىدىن ئوبدان ئۆتكۈزۈش لازىم. تاللاپ ئىشقا قويۇش ئوبيېكتىنى بېكىتىش ئىشىنى خەلق رايىنى سىناش ياكى دېموكراتىك كۆرسىتىش ئارقىلىق، ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئادەم ئەۋەتىپ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىش شەكلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش، ئامما ھىمايە قىلمىغانلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، تەربىيلەش ئوبيېكتى قىلماسلىق لازىم.

4. تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى كادىرلارنىڭ «زېھنىنى ئاشۇرۇش» ئىشىنى ئوبدان ئىشلەپ، ساپا ئۆتكىلىدىن ئوبدان ئۆتكۈزۈش لازىم. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىش، يەنى 1. دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ 2. كەسپىي بىلىم قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

5. ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئۆتكىلىنى ئوبدان ئىگىلەش لازىم. ئەسىر ھالقىيدىغان كارخانا باشقۇرغۇچىلىرى بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپاغا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى لازىم: (1) كوللېكتىپنىڭ ئەقىل پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا تەدبىر بەلگىلەشكە ماھىر بولۇش ئىقتىدارى؛ (2) ئادەمگە قاراپ ۋەزىپە بېرىپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ماھىر بولۇشتەك تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئىقتىدارى؛ (3) ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىرتەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشتەك ئالاقىنى ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى؛ (4) ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشتەك تىل يېزىق ئىقتىدارى؛ (5) كەسىپكە پۇختا بولۇشتەك كەسپىي ئىقتىدارى؛ (6) ئاجايىپ ئىلمىي تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، تەشكىلات كادىرلار تارماقلىرى ھازىر بار بولغان كادىرلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىغا قارىتا كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقىغان ھامان، يۈرەكلىك ھالدا تاللاپ تەربىيلەپ، ئىشقا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۇدا تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## كارخانىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك

1. كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىللىرىدە نىشانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىللىرىدىكى ئىگىلىك نىشانى كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىغا ئۇنىۋېرسال باھا بېرىشتىكى مۇھىم نورما كۆرسەتكۈچى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي ئۈنۈم مەركەز قىلىنىشى، ئۇ كارخانىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى كۆلىمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، دۆلەت ئىلكىدىكى مەبلەغنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. يەنە ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى قاتارلىق نورمىلاشقان كۆرسەتكۈچ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، مۇكاپاتلاش جازالاش تەدبىرلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى، خېيىمخەتەر رىنە

ھەققى تاپشۇرۇش» ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىرىمىنى ئىگىلىك نىشانىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى بىلەن بىۋاسىتە باغلاش قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. باشقۇرغۇچىلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ۋاقتىدا مۇپەتتىشلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدە ئىگىلىك نىشانىنى ئورۇنداش ئەھۋالىغا ئوبيېكتىپ باھا بېرىش لازىم. ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى ئىگىلىك نىشانىنى ئورۇندىغانلارنى مۇكاپاتلاش، ئورۇندىيالمىغانلارنى خېيىمخەتەر رەنە ھەققىنى مۇسادىرە قىلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازا بەرگەندىن سىرت، كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلىتىش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئىش ئورنىنى تەڭشەش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىپ، ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى ئىگىلىك نىشانى تۈزۈمىنىڭ جىددىيلىكلىكىنى قوغداش لازىم.

2. ئىشنى قىيىن نۇقتا، مۇھىم نۇقتىدىن باشلاپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى كادىرلارنىڭ تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان، يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان بولۇشىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، كارخانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، باغرى يۇمشاقلىق قىلىپ ئېتىبار بەرمەسلىك، مەسىلىدىن، زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىق، ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلارنى ئىش ئورنىدىن قەتئىي چۈشۈرۈۋېتىش لازىم. ئىككىنچىدىن، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى ئايرىپ، پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتىنى يارىتىپ، ئاممىنى كادىرلارنىڭ يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان بولۇش مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەش، تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى بېسىمىنى ۋە يۈكىنى يېنىكلىتىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان بولۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىگىلى بولىدۇ.

3. ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تەكشۈرۈشتە، خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، رەھبەرلىك بىلەن ئامما ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن خىزمەت ئۇسۇلى بويىچە، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىلمىي تەكشۈرۈپ باھالاش سىستېمىسىنى ۋە ئۆلچىمىنى بېكىتىش لازىم. دېموكراتىك سىناش شەكلى، خىزمەتتىن مەلۇمات بېرىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، توغرا باھا بېرىش لازىم.

4. كارخانىنىڭ ئىچكى نازارەت قىلىنىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىش كېرەك. نازارەتتىن ئايرىلغان ھوقۇق مۇقەررەر ھالدا چىرىكلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، بىرىنچىدىن، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىم مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش لازىمكى، تەدبىر بەلگىلەشتە بىرلا ئادەمنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىش؛ ئىككىنچىدىن، كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ شەخسىي كىرىمىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمى، كادىرلارنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە مۇپەتتىش قىلىش تۈزۈمى، پاك دىيانەتلىك بولۇشتا تەلەپچان بولۇش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادەمنى تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ئىش ئورنى مەجبۇرىيىتى بىلەن ماس كېلىدىغان كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، توغرا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئارقىلىق كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى توغرا يول بىلەن قانۇنلۇق كىرىمگە ئېرىشىشكە يېتەكلەش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تەپتىش ئورۇنلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلار ياكى تارماقلاردىن تەشكىل تاپقان نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا قانۇن تۈزۈم قارىشى ۋە سىياسەت قارىشى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈش، ئۆز ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇش مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ بۇنىڭدا ئەمەلىيەت جەريانىدا پائال ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەققىي ئەھمىيەت بېرىپ، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ كارامىتىنى قايتا نامايان قىلىشقا، شان شۆھرىتىنى جۇلالىتىشقا توغرا كېلىدۇ. (07)

# تەكشۈرۈپ باھالاش مەزمۇنىنى خالىغانچە كۆپەيتمەسلىك لازىم

يېقىندىن بۇيان، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ۋە رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سۆزىدە مەلۇم خىزمەتنى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن: بەزى ھۆججەتلەردە «دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ سۈپىتىنى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەكشۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىش لازىم»، «يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارمۇ بەزى رايون، تارماقلارنىڭ «نىزام» («پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى»نى كۆرسىتىدۇ) نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشى، شۇنداقلا ئۇنى شۇ ئورۇن پارتكومىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىش لازىم دەپ كۆرسىتىلگەن. بەزى رەھبەرلەر ئوخشىمىغان سورۇندىكى سۆزىدە تەكىتلەنگەن خىزمەتنى مەسىلەن: ئىدىيىۋى سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش، كارخانىنىڭ زىيىنىنى پايدىغا ئايلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش قاتارلىقلارنى كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. يەنە بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى يىغىلىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىش ئەھۋالى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماتېرىيالى ۋە ئۇچۇر ماقالىسى يېزىش ئەھۋالىنى كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشنى ئېنىق بەلگىلىگەن.

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدا مەخسەت، چىقىش نۇقتا ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا روشەن نامۇۋاپىق تەرەپلەرمۇ ساقلانغان بولۇپ، ئەمەلىي خىزمەتكە نۇرغۇن پايدىسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ: بىرىنچىدىن، مۇھىم ئىش بىلەن ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىش ئارىلىشىپ كېتىپ، نورمال ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتىگە تەسىر يەتتى؛ ئىككىنچىدىن، يۆنىلىش جەھەتتە سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ، كادىرلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاشقا مۇمكىن بولمىدى؛ ئۈچىنچىدىن، مۇھىم نۇقتىنى بېكىتكىلى بولماي، ئومۇمىي خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمىدى. يۇقىرىدىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن مەقسەت ئەسلىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ شۇ تۈرلۈك خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. بىراق ھازىرقىدەك، ھەممىلا خىزمەت كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈۋېتىلسە نەتىجىدە، تەكشۈرۈش ئوبيېكتىلىرى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا مۇھىم ئىش بىلەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىشنى ئايرىيالماي، ھەممىگە تەڭ كۈچ چىقىرىدۇ دە، مۇقەررەر ھالدا مۇھىم نۇقتا بوشىشىپ، رەھبەرلىكنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، ئومۇمىي خىزمەتلەرگە تېخىمۇ زور تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشاق.(07)

# رەھبەرىي كادىرلاردا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئېپى بولۇشى لازىم

جېڭجۈن، لۇبىڭ

قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئېپى ــ بىر خىل مۇلازىمەت ئېپى، شۇنداقلا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: رەھبەرلىك مۇلازىمەت دېمەكتۇر، دەپ كۆرسەتكەندى. رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ۋەزىپىسى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ۋە ئۇلارغا مۇجمەل مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

رېئال تۇرمۇشتا مۇتلەق كۆپ ساندىكى رەھبەرىي كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشقا رازى بولۇپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە يولۇققاندا، ئۇنى دادىللىق بىلەن ھەل قىلىدۇ. لېكىن يەنە بەزى رەھبەرىي كادىرلار بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، «زىددىيەتكە يولۇققاندا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، مەسىلىگە دۈچ كەلگەندە قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولمايدۇ. بۇ ھال پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، پارتىيىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتىگە تېخىمۇ چوڭ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

بۇنداق ئەھۋال نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدا، ئاساسلىقى، مۇنداق بىرقانچە سەۋەب بار: بىرىنچى، بەزى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئاساسىي مەقسەت قارىشى ئاجىز، ئەمەلدارلىق ئىدىيىسى كۈچلۈك. ئىككىنچى، بەزى رەھبەرىي كادىرلار ناچار ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى بۇرمىلانغان، ئۇلار كۆڭۈل بويىچە قانداق قىلىپ خەلق بەرگەن ھوقۇق بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئەمەس، شەخسىي مەنپەئەت ئېلىشنىڭ كويىدا بولغان. ئۈچىنچى، ئايرىم رەھبەرىي كادىرلارنىڭ «كۆتۈپ تۇرۇش، تايىنىش، تەلەپ قىلىش» ئىدىيىسى ئېغىر. ئۇلار مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە يەنىلا پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدىكى ئەندىزە بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن مۇستەسنا بولالماي، قىيىنچىلىق ۋە زىددىيەتكە دۈچ كەلگەندە، ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىمەي، ھۆكۈمەتنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان. تۆتىنچى، بەزى رەھبەرىي كادىرلاردا بىزار بولۇش روھىي ھالىتى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقۇش ئىدىيىسى ساقلانغان. ئۇلار كۆڭۈل بويىچە يوقىرىدىن كەلگەن ئادەم ۋە ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، يولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن. ئامما ئىنكاس قىلغان ھەمدە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان مەسىلە ۋە زىددىيەتلەردىن بىزار بولۇپ، «ئۇششاق» ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىشتىن، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئەندىشە قىلغان. بەشىنچى، بەزى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، ئۇلاردا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش روھىي ھالىتى مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدا دۈچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە زىددىيەتكە بولغان تونۇشى يېتەرسىز بولۇپ، ئۆز ــ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالمىغان، قىيىنچىلىق ۋە زىددىيەتكە يولۇققاندا، ئۇنىڭدىن باش تارتقان، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمىگەن.

رەھبەرىي كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى، ئۇلاردا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئېپى بولۇشى لازىم. بۇ خىزمەت پوزىتسىيىسى مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، ئىدىيىۋى مەيدان، ئاممىۋى كۆز قاراشنىڭ بار ــ يوقلۇقىغا ياتىدىغان مۇھىم مەسىلە. شۇڭا رەھبەرىي كادىرلار ئۆزىدە ھەقىقىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرگەندىن سىرت، خىزمەت جەريانىدا، بىر جەھەتتىن، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئەھۋالىنى، ئاممىنىڭ تەلىپىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ئىزدەپ بايقىشى ھەمدە تۈرلۈك چارە ــ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇنى ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بېرىشى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، قىيىنچىلىقنى دادىللىق بىلەن ھەل قىلىدىغان، كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقمايدىغان جاسارەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. (07)

(«گۇيجۇ پارتىيە تۇرمۇشى» نىڭ 1999 ــ يىل 6 ــ سانىدىن)

# ج ك پ ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (8)

شۆچىڭچاۋ، شۆجىچاۋ



**دېڭ شياۋپىڭ**

(1904 ـ 1997)، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭئەن ناھىيىسىدىن، 1920 ـ يىلى فرانسىيىگە بېرىپ ئىشلەپ ئوقۇغان. 1922 ـ يىلى جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، 1924 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1926 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان.

1927 ـ يىلى ئەتىيازدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، شىئەن جۇڭشەن ھەربىي مەكتىپى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە سىياسىي ئوقۇتقۇچى بولغان ۋە شۇ مەكتەپتىكى ج ك پ تەشكىلاتىنىڭ شۇجىسى بولغان. شۇ يىلى يازدا خەنكۇغا بېرىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئورگىنىدا خىزمەت قىلغان، «7 ـ ئاۋغۇست» يىغىنىغا قاتناشقان. 1928 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1929 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە ج ك پ گۇاڭشى ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان، باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەيسې قوزغىلىڭىغا ۋە گۇاڭجۇ قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، قىزىل ئارمىيە 7 ـ، 8 ـ جۈنلىرىنى ۋە يوجياڭ، زوجياڭ ئىنقىلابىي تايانچ بازىلىرىنى قۇرغان، قىزىل ئارمىيە 7 ـ، 8 ـ جۈنلىرىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان.

1931 ـ يىلى يازدا مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىغا بېرىپ، ج ك پ رۈيجىن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، خۇيچاڭ مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولغان. ماۋزېدۇڭنىڭ توغرا لۇشيەنىنى قوللىغانلىقتىن شۇ چاغدىكى پارتىيە ئىچىدىكى «سول» چىل رەھبەرلەر تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. كېيىن قىزىل ئارمىيە باش سىياسىي بۇسىنىڭ باش كاتىپى، «قىزىل يۇلتۇز» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇزۇن سەپەرگە قاتنىشىپ، يىل ئاخىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا زۈنيى يىغىنىغا قاتناشقان، كېيىن قىزىل ئارمىيە 1 ـ جۈنتۈەنى سىياسىي بۇ تەشۋىقات بۇسىنىڭ باشلىقى، سىياسىي بۇسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، 8 ـ ئارمىيە سىياسىي بۇسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1938 ـ يىلى 8 ـ ئارمىيە 129 ـ شىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇپ، ليۇبوچېڭ بىلەن بىرلىكتە قوشۇن باشلاپ بېرىپ سەنشى ـ خېبېي ـ سەندۇڭ ـ خېنەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىسىنى قۇرغان. 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەيخاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ قوشۇمچە شۇجىسى بولغان. 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىمالىي بيۇروسىنىڭ شۇجىسى بولغان ۋە 8 ـ ئارمىيە باش شىتابىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. 1945 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغان، 8 ـ ئايدا سەنشى ـ خېبېي ـ سەندۇڭ ـ خېنەن مەركىزىي بيۇروسىنىڭ شۇجىسى، سەنشى ـ خېبېي ـ سەندۇڭ ـ خېنەن ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان.

ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە، سەنشى ـ خېبېي ـ سەندۇڭ ـ خېنەن ھەربىي رايونىنىڭ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (2 ـ) دالا ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان، 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك

بيۇروسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قارمىقىدىكى رايون كېڭەيتىلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بيۇروسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى بولغان. خۇەيخەي ئۇرۇشى ۋە چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (2 ـ) دالا ئارمىيىسى، شەرقىي جۇڭگو (3 ـ) دالا ئارمىيىسىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان باش ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1949 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي جەنۇب بيۇروسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، غەربىي ـ جەنۇب ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1952 ـ يىلى مەركەزگە خىزمەت قىلىشقا يۆتكىلىپ، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولغان. 1954 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلانغان. 1956 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسىلىقىغا سايلانغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا خاتا تەنقىد قىلىنغان. 1973 ـ يىلى قايتا ئوتتۇرىغا چىقىپ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولغان. 1975 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى بولغان. جۇئېنلەينىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان مەزگىلدە مەركەزنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سالغان. جياڭ چىڭ ئېقىمدىكىلەرنىڭ تۆھمەت چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچراپ 1976 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم خاتا ھالدا پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلغان.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، 1977 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەسلىدىكى پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكى ۋەزىپىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، پارتىيىنىڭ 11 ـ قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. 12 ـ ئايدىكى پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئارقىلىق، 2 ـ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسىغا ئايلانغان. 1981 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، پارتىيىنىڭ 12 ـ قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1983 ـ يىلى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1989 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ۋە 1990 ـ يىلى 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئىستىپا بەرگەن.

1997 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»غا كىرگۈزۈلگەن.



**تاۋجۇ** (1908 ـ 1969)، خونەن ئۆلكىسىنىڭ چياڭ ناھىيىسىدىن، 1926 ـ يىلى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىگە كىرگەن، شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1927 ـ يىلى نەنچاڭ قوزغىلىڭىغا ۋە گۇاڭجۇ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1928 ـ يىلى خۇنەنگە قايتىپ كېلىپ ئەسكەرلەر ھەرىكىتى خىزمىتى ئىشلىگەن. 1929 ـ يىلىدىن كېيىن ج ك پ فۇجيەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، شۇجىسى، جاڭجۇ پەۋقۇلئاددە كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى، فۇجۇ مەركىزىي شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1933 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىلىپ، ج ك پ خۇبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولغان.ئوتتۇرا خۇبېي پارتىزانلىق رايونىنى قۇرۇشقا قاتنىشىپ، يېڭى 4 ـ ئارمىيە خۇبېي ـ سەندۇڭ تارماق ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1940 ـ يىلى يەنئەنگە بېرىپ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، باش سىياسىي بۇنىڭ باش كاتىپى قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولغان.

ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە، لياۋنىڭ ـ لياۋجى ـ لياۋبېي ئۆلكىلىك كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىسى، شەرقىي شىمال دالا ئارمىيىسى 7 ـ كالونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شەرقىي شىمال (4ـ)دالا ئارمىيىسى سىياسىي بۇسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا جەنۇب ھەربىي رايونى سىياسىي بۇسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا جەنۇب بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گۇاڭشى ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى، جەنۇبىي جۇڭگو مەركىزىي شۆبە بيۇروسىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى، جەنۇبىي جۇڭگو ھەربىي رايونىنىڭ 2 ـ سىياسىي كومىسسارى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، ئوتتۇرا جەنۇب بيۇروسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى قوشۇمچە گۇاڭجۇ ھەربىي رايونىنىڭ 1 ـ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1965 ـ يىلى گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولغان.

پارتىيىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1966 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ دائىمىي ئىشلار شۇجىسىلىقىغا سايلانغان ھەمدە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، خاتا تەنقىد قىلىنغان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. 1969 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خېبېيدا ئالەمدىن ئۆتكەن. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ماتەم مۇراسىمى ئېچىپ، ئۇنى ئاقلاپ، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.



**لى فۇچۈن** (1900 ـ 1975)، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدىن، 1919 ـ يىلى فرانسىيىگە بېرىپ ئىشلەپ ئوقۇغان. 1921 ـ يىلى جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1922 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1925 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە 2 ـ جۈننىڭ مۇئاۋىن پارتىيە ۋەكىلى، سىياسىي بۇنىڭ مۇدىرى، ج ك پ جياڭشى ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت شۇجىسى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇۋەققەت شۇجىسى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، مۇۋەققەت شۇجىسى، جياڭشى ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا، قىزىل ئارمىيە باش سىياسىي بۇسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قىزىل ئارمىيە 3 ـ جۈنتۈەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، قىزىل ئارمىيە باش سىياسىي بۇسىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى بولغان. ئۇزۇن سەپەر غەلىبىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ج ك پ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش كاتىپى، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەركىزىي كومىتېت بەنگوڭتىڭىنىڭ مۇدىرى بولغان.

ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي شىمال بيۇروسى غەربىي مانجۇرىيە شۆبە بيۇروسى

نىڭ شۇجىسى، شەرقىي شىمال بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجىسى، شەرقىي شىمال خەلق هۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، شەرقىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي كېڭەش مالىيە-ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە دۆلەت پىلان - كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1959 - يىلى قوشۇمچە گوۋۇيۈەن سانائەت - قاتناش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

ئۇ پارتىيىنىڭ 7-، 8-، 9-، 10 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ئىدى، پارتىيىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسىلىققا سايلانغان، پارتىيىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 11 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىققا سايلانغان. 1975 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بېيجىڭدا ئالەمدىن ئۆتكەن.



**لى دېشېڭ** (1916 - )، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنشىيەن ناھىيىسىدىن. 1930 - يىلى قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، 1931 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، 1932 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، يېتەكچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە 8 - ئارمىيە 129 - شىدا لېيەنجاڭ، يىڭجاڭ، تۇەنجاڭ بولغان، ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە سەنشى - خېبېي - سەندۇڭ- خېنەن (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك 2 -) دالا ئارمىيىسىدە لۈيجاڭ، شىجاڭ بولغان.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا جۇڭگو خەلق پىدائىيلىرى قىسمىدا شىجاڭ، مۇئاۋىن جۈنجاڭ بولغان. 1955 - يىلى جۈنجاڭ بولۇپ، شاۋجياڭ ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1958 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە ئالىي ھەربىي ئىشلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1968 - يىلىدىن كېيىن ئەنخۇي ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، ئۆلكىلىك ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 1969 - يىلى 4 - ئايدا پارتىيىنىڭ 9 - قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسىلىققا سايلانغان. 1970 - يىلى ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1971 - يىلى بېيجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوشۇمچە قوماندانى بولغان. 1973 - يىلى پارتىيىنىڭ 10 - قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسلىققا، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. شۇ يىلى شېنياڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى بولغان. 1975 - يىلى پارتىيىنىڭ 10 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن. 1977 - يىلىدىكى پارتىيىنىڭ 11 - قۇرۇلتىيىدا ۋە 1982 - يىلىدىكى پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسلىققا سايلانغان. 1985 - يىلى دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1988 - يىلى شاڭجياڭ ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1985 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە مەركىزىي كومىتېت مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولغان.

**چېن بودا** (1904 - 1989)، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ خۇيئەن ناھىيىسىدىن، 1927 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان. 1929 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ج ك پ فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى جۇڭگو مەسىلىلىرى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ماۋ زېدۇڭنىڭ سىياسىي كاتىپى، مەركىزىي

كومىتېت سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

پارتىيىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي بىيۇرونىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان. پارتىيىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ۋە 9 ـ قۇرۇلتايدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پارتىيىنى، ھوقۇقنى تارتىۋېلىش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتناشقان، لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى بولغان. 1973 ـ يىلى پارتىيىدىن مەڭگۈ ھەيدەپ چىقىرىلغان، 1981 ـ يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە سوت كوللېگىيىسى ئۇنىڭغا مۇددەتلىك 18 يىل قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قىلىش ھۆكۈم قىلغان. 1989 ـ يىلى كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

**ۋاڭ خۇڭۋېن** (1936 ـ 1992)، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ چاڭچۈن شەھىرىدىن. 1952 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شاڭخەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 17 ـ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ قوغداش گەنسىسى بولغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ فابرىكا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شاڭخەي ئىشچىلار ئىسيان كۆتۈرۈش باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسئۇلى، شاڭخەي شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ج ك پ شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شاڭخەي شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. پارتىيىنىڭ 9 ـ ، 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. پارتىيىنى، ھوقۇقنى تارتىۋېلىش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتناشقانلىقتىن، 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئايرىپ تەكشۈرۈلگەن، 1977 ـ يىلى پارتىيىدىن مەڭگۈ ھەيدەپ چىقىرىلغان. 1981 ـ يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى پەۋقۇلئاددە سوت كوللېگىيىسى ئۇنى جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى دېلوسىنىڭ ئاساسلىق جىنايەتچىسى دەپ تەھقىقلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، ئۆمۈرۋايەت سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنى ھۆكۈم قىلغان.

**جياڭ چۈنچياۋ** (1917 ـ )، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۈيې ناھىيىسىدىن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن يەنئەنگە بارغان. 1938 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەندە گومىنداڭنىڭ «فۇشىڭشې» تەشكىلاتىغا كىرگەن تارىخىنى يوشۇرغان. كېيىن «شەنشى ـ چاخار ـ خېبېي گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شاڭخەيدە تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ج ك پ شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ كاندىدات شۇجىسى، شۇجىسى بولغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» داۋامىدا مەركىزىي كومىتېت مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شاڭخەي شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ج ك پ شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 ـ سىياسىي كومىسسارى، باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولغان پارتىيىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. پارتىيىنى، ھوقۇقنى تارتىۋېلىش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتناشقانلىقتىن، 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئايرىپ تەكشۈرۈلگەن، 1977 ـ يىلى پارتىيىدىن مەڭگۈ ھەيدەپ چىقىرىلغان، 1981 ـ يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى پەۋقۇلئاددە سوت كوللېگىيىسى ئۇنى جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى دېلوسىنىڭ ئاساسلىق جىنايەتچىسى دەپ تەھقىقلەشتۈرۈپ، ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىشنى ھۆكۈم قىلغان، 1983 ـ يىلى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا قىسقارتىلغان.

# «شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىگە، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىگە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانىلىرىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت ـ ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى (پارتكوملار)نىڭ تەشكىلات، تەشۋىقات باشقارمىلىرىغا، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىگە:

كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق «شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» دېگەن نامىنى 2000 ـ يىلى يانۋاردىن باشلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدۇق.

1994 ـ يىلى يانۋاردا شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىڭ نامى «شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى»غا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا شۇ چاغدىكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردا چىقىرىلىۋاتقان پارتىيە ژۇرناللىرىنىڭ نامىنىڭ ھەممىسىلا «ياچېيكا تۇرمۇشى» دەپ ئاتالغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. نامى ئۆزگەرتىلگەندىن بۇيانقى 5 يىل مابەينىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە بۇ ژۇرنال ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپتا ۋە توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئومۇملۇقىغا خىزمەت قىلىش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال تۆھپە قوشتى.

ژۇرنال شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سىياسىي ئېڭىنى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى، ئومۇملۇق ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىردەكلىكنى ساقلاپ، يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى
1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

(بېشى 5 ـ بەتتە)

بېرىش» تەربىيىسى باشلاندى ياكى پات ئارىدا باشلىنىدۇ. 2 ـ تۈركۈمدە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ناھايىتى تېزلا باشلىنىدۇ. جايلار، تارماقلاردىكى پارتكوملار (پارتگۇرۇپپىلىرى) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ئاساسلىق مەسئۇل يولداش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىشى، بىر دەرىجە يەنە بىر دەرىجىنى تۇتۇشى، بىر دەرىجە يەنە بىر دەرىجىنى يېتەكلىشى، ھەممە ئىشتا يۇقىرى ئۆلچەمدە، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. تەلەپنى ۋە ئۆلچەمنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا، تۆۋەنلىتىشكە، رەسمىيەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. مەركەز تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش رولىنى داۋاملىق ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. 1 ـ تۈركۈمدىكى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرغان ئورۇنلار قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا كېيىنكى باسقۇچتىكى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.


(باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى)




بازار باشلىقى ئابابەكرى سەمەت بازار باشلىقى بولغاندىن بۇيان ئادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، جان كۆيدۈرۈپ ئەمەلىي ئىشلىگەچكە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.



بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېڭ شى خىزمەت ئۈستىدە.




# يالقۇنتاغ ئېتىكىدە جاۋلان قىلغان قىزىل بايراق

پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرى پاختا، ئۈزۈم ۋە قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان چوڭ بازار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بازارلىق پارتكوم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيى روھىنى ئومۇمييۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى زىچ چۆرىدەپ بازارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئالدى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى پارتىيە قۇرۇلۇشى كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، پۈتۈن بازارنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بازارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم 1 مىڭ 850 يۈەنگە يەتتى. ھازىر ھەربىر كەنتنىڭ يوللىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلۇپ، % 25 ئائىلىلەر ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورناتتى، تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشى % 95 كە، ئىچىملىك سۇ تۇرۇبىسىنى ئائىلىلەرگىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى % 97.5 كە يەتتى، % 85 ئائىلە «ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە» بولۇپ باھالاندى. يۇقىرىقى نەتىجىلەر بىلەن لۈكچۈن بازىرى ناھىيە ۋە ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى- تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى ئىلغار ئورۇن، پارتىيە قۇرۇلۇشى نىشانلىق باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار يېزا - بازارلىق پارتكوم دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى، شۇنداقلا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن قىزىل بايراقدار يېزا (بازار) لىق پارتكوم بولۇپ باھالىنىپ، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەندىن سىرت، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.



بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت خىزمەت بىناسىدىن بىر كۆرۈنۈش.

# ئەلا مۇلازىمەت، ياخشى ئوبراز

ئۈرۈمچى شەھەرلىك قاتناش ساقچى ئارماق ئەترىتى يېڭىشەھەر رايونلۇق قاتناش ساقچى جۇڭ ئەترىتى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قاتناش ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ۋە كەسپىي ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيىدە ئىلغار، ئاڭ سەۋىيىدە يۇقىرى، ئىنتىزامدا قاتتىق، كەسپكە ماھىر بولۇش نىشانى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، قاتناش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. باشقۇرۇش بىلەن مۇلازىمەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ كۆپ ۋاقتىنى يولغا سەرپ قىلدى. ھەممىدە ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى چىقىش قىلىپ، ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى ۋە ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى ئاشكارىلاپ، خىزمەتنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈردى. 1998 - يىلى بۇ جۇڭ ئەترەت 1750 (ئادەم) قېتىم يولغا تەكشۈرۈشكە چىقىپ، سەپتە قونۇپ ئىشلىگەن ۋاقتى 15 مىڭ 600 سائەتكە يەتكۈزۈلدى، تۈرلۈك قاتناش ۋاستىلىرىدىن 36 مىڭ 750 نى تەكشۈرۈپ، 34 مىڭ 290 نى بىر تەرەپ قىلىپ، قاتناشنىڭ راۋان بولۇش نىسبىتىنى %20 ئۆستۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە بۇ جۇڭ ئەترەت 1998 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە «مەدەنىيەتلىك قورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.


قۇدرەت مىجىت، ئابدۇسالام ئابدۇراخمان خەۋىرى ۋە فوتوسى



جۇڭ ئەترەت باشلىقى شاۋشىگو خىزمەت ئۈستىدە.



جۇڭ ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دىلمۇرات بارات خىزمەت ئۈستىدە.



قاتناش ساقچىلىرى ئاپتوموبىللارنىڭ بىخەتەر يۈرۈشىگە قوماندانلىق قىلماقتا.



چارلاش خادىملىرى شوپۇرلارنىڭ پراۋىسىنى تەكشۈرمەكتە.



GPS ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىسى رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.



بارلىق خادىملار سىياسىي ئۆگىنىش قىلماقتا.

新疆《西部先锋》维吾尔文版

باھاسى 2.45 يۈەن، پوچتا نومۇرى: 830003، ۋەكالەت نومۇرى: 42ـ58